بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# تىل ـ ئەدەبىيات(3)

لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللَّهِ





بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# كىرىش سۆز

ھەمدۇ ـ سانالار بارچىنى يارىتىپ مۇكەممەللەشتۈرگەن، كائىناتنىڭ رەببى ھەم ئىنسانلارنىڭ رەببى بولغان يېگانە ھەقىقى ئىلاھ ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىمىز، ئۇنىڭدىنلا ياردەم تىلەيمىز. دۇرۇت سالاملىرىمىز رەببىمىز رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇنكى، ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەغفىرىتى ياغسۇن، ئاللاھ بىزنى ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلسۇن، ئامىن!

ھۆرمەتلىك قېرىنداش، قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنىڭ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇممەتنىڭ كەلگۈسى، ھەق دىنىنىڭ ۋارىسلىرى بولغان مۇسۇلمان پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىسى ئۈچۈن تەييارلىندۇق. مەزكۇر دەرسلىكنى توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنىڭ باشلانغۇچ 4 ـ 5 ـ يىللىق باسقۇچىدىكى بالىلارنىڭ(11 ـ 10 ياشلىق) سەۋىيىسىگە ئاساسەن، مۇكەممەل ئىسلامىي تەربىيە ئۈچۈن مەجبۇرىي مائارىپ دەرسلىكىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ تۈزدۇق.

مائارىپ پروگراممىسىدا، تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى بالىلارنىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقى تەربىيىسىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار تىل ئىشلىتىش قابىلىيىتى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، تېكىستلەرگە سىڭدۈرۈلگەن قىممەت قاراشنى تەڭ قوبۇل قىلىپ ماڭىدۇ. قولىڭىزدىكى دەرسلىكنى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسلامىي قىممەت قاراشنى ئاساس قىلىپ، بالىلارنىڭ تىلنى چۈشىنىش، ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەش ۋە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلدۇق. مەزكۇر ئۈچىنچى قىسىم كىتابىمىزدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېكىستلەرنى چۈشىنىشكە پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن، تېكىست مەزمۇنى ھەققىدە ئاددىي كىچىك سوئاللارنى قويدۇق، بۇنىڭ بىر نەچچە چوڭ سوئالنىلا قويغاندىن ئۈنۈمى تېخىمۇ

ياخشى بولىشنى كۆزدە تۇتتۇق. ھەممە ئۇقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە نۇقتىلىق ئەھمىيەت بەردۇق. مەزكۇر كىتاب بىلەن مۇسۇلمان پەرزەنتلەرنىڭ باشلانغۇچ باسقۇچىدىكى تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكى تاماملانغان بولدى، اللەغا يۈزمىڭ شۈكرىلەر بولسۇن! لېكىن بۇ كىتابىمىزمۇ يەنىلا نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي ئەمەس. ئەمما ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇنكى، مەزكۇر دەرسلىك مۇسۇلمان پەرزەنتلەرنى ئىسلامىي ئاڭ بىلەن تەربىيلەپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئېچىپ تەپەككۇر قىلىشقا يېتەكلەشتە ئەھمىيەتلىك دەرسلىك بولۇپ چىقىپ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. دەرسلىكنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى ئاللاھنىڭ ياردىمىدۇر، ئۇنىڭدىكى نۇقسانلار بىزدىندۇر. ئاللاھ يولىدىكى تەربىيەتچى ئۇستازلارنىڭ دەرسلىكلەردىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزۈتۈپ پايدىلىنىشنى ۋە بىزنى خالىس دۇئالىرىدا ئەسلەپ قويۇشنى سورايمىز. ئاخىرىدا رەببىمىزنىڭ بىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشنى، بۇ ئەمگىكىمىزنى قوبۇل قىلىشنى، ئۇنى مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشنى چىن دىلىمىزدىن سورايمىز، ھەمدۇ ـ سانالار ئاللاھقا خاستۇر.

اللەنىڭ ئۈماق، ئەركە بەندىلىرى بولغان ئى باللار، بىز سىلەرنى الله يولىدا تولىمۇ ياخشى كۆرىمىز. چۈنكى سىلەر اللەغا ۋە رەسۇلىغا چىن ئىمان كەلتۈرىدىغان، الله ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغان، ھەق دىنىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىجراچىسى ۋە دەۋەتچىسىسىلەر. سىلەرنىڭ بۇ شەرەپلىك ۋە بۈيۈك ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇرۇنداپ، اللەنىڭ رازىلىقىغا، رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن بۇ دەرسلىكلەرنى تۈزدۇق، ئۈمىدكى بۇ دەرسلىكلەر سىلەرنىڭ تەۋھىد يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇشۇڭلارنىڭ بىر خىل ئۆزۈقى بولسۇن، ھەق يولدا توختىماي ئىلگىرلەڭلار، كەلگۈسى سىلەرنىڭ ئىخلاسىڭلار ۋە ياخشى ئەمەللىرىڭلار بىلەن ئىسلامغا مەنسۇپ !

**2014 ـ يىلى 2 ـ ئاي**

www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مۇندەرىجە

## 1 ـ بۆلەك گۈزەل زېمىن


1. يايلاقتا ساياھەت..................................6
2. ئەزىم دەريا..........................................9
3. زەبەردەست تاغلار.................................12
مەشىق باغچىسى........................................13


## 2 ـ بۆلەك قېرىنداشلىق


4. قېرىنداشلىرىم ۋە مەن.............................17
5. بىزنىڭ چوڭ ئائىلىمىز...........................21
6. بىرلىشىش رەھمەت.................................24
مەشىق باغچىسى........................................27


## 3 ـ بۆلەك اللەنىڭ چاقىرىقلىرى


7. اللەغا تەقۋادارلىق قىلىش...........................31
8. ھەرۋاقىت اللەنى ئەسلەش..........................34
9. الله يولىدا سەرپ قىلىش.............................37
مەشىق باغچىسى........................................40


## 4 ـ بۆلەك ساغلام قەلب


10. اللەغا كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنۇش...................44
11. ھەسەد ـ ئۆتتۆر.....................................47
12. گۇماننىڭ ئاقىۋىتى..................................49
مەشىق باغچىسى........................................52

5 ـ بۆلەك  تىلنىڭ زىننىتى


13. ياخشى سۆز..............................56
14. تىل ـ قەلبنىڭ ئاچقۇچى..............................59
15. سۆزلەش ئەدەبلىرى..............................61
مەشق باغچىسى..............................64


6 ـ بۆلەك  اللەنىڭ نېئمەتلىرى


16. اللەنىڭ كۆرۈنمەس نېئمىتى ـ توك..............................68
17. «قارا ئالتۇن» ۋە «سۈيۇق ئالتۇن»..............................70
18. سانائەت..............................73
مەشق باغچىسى..............................76


7 ـ بۆلەك  بىزنىڭ ئالىملىرىمىز


19. ئىلىمگە سادىق ئالىم ـ ھەسەن بەسرى..............................80
20. كەڭ قورساق ئالىم ـ شەبىي..............................83
21. زاھىد ئالىم ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب..............................86
مەشق باغچىسى..............................89


8 ـ بۆلەك  اللە يولىدا ۋاز كېچىش


22. روزا..............................92
23. ھىجرەت..............................95
24. جىھاد..............................99
مەشق باغچىسى..............................102

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

**1 ـ بۆلەك**

# گۈزەل زېمىن



ئۇلۇغ رەببىمىز الله بىزگە ئىبرەت، ئالامەت بولۇشى ئۈچۈن، زېمىننى ناھايىتى گۈزەل بېزىگەن. الله زېمىن يۈزىدە ئۆزىنىڭ قۇدرىتى ۋە ھېكمىتىنى نامايەت قىلىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ۋە ھادىسىلەرنى ياراتتى. قەلبلەرگە گۈزەللىك تۇيغۇسى بەرگەن الله زېمىندا قەلبلەرنى شادلىققا چۆمدۈرىدىغان مەنزىرىلەرنى بەرپا قىلدى. الله گۈزەلدۇر، ئۇ گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ. قېنى كېلىڭلار، اللەنىڭ زېمىندىكى گۈزەل ئەسەرلىرىنى بىرلىكتە تاماشا قىلىپ، اللەنىڭ قۇدرىتى ۋە ماھىر ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلايلى. اللەنىڭ ئەڭ گۈزەل جامالىغا قاراشنى ۋە گۈزەل باغچا جەننەتكە كىرىشنى تىلەيلى.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 1. يايلاقتا ساياھەت



ئوماق قېرىنداشلار، سىلەر **يايلاققا** بېرىپ باققانمۇ؟ يايلاقنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆرۈش ئارقىلىقلا يايلاق مەنزىرىسىدىن ھەقىقى ھوزۇر ئالغىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بىز الله **گۈزەللىك** بېرىپ ياراتقان يايلاق مەنزىرىلىرىنى ئەسلەش ئارقىلىق يايلاقتا ساياھەت قىلىپ باقايلى.

كەڭرى كەتكەن يايلاق يېشىل **پاياندار** سېلىنغان سەيلىگاھقا ئوخشايتتى. ناھايتى يىقىندەكلا كۆرۈنىدىغان **ھەيۋەتلىك** تاغلار، يايلاق ئەتراپىدىكى ئورمانلىقلاردا ئىنتىزامچان ئەسكەرلەردەك رەتلىك تىزىلىپ **قەد كۆتۈرۈپ** تۇرغان **قارىغايلار**، بۇ «سەيلىگاھ»قا رەڭدارلىق ۋە زىننەت بېغىشلىغان ئىدى. كۆپكۆك، **پايانسىز** ئاسماندىكى ئالتۇن قوياش ھارارەتلىك نۇرىنى پۈتۈن ئەتراپقا تەكشى چېچىۋاتاتتى. ياپيېشىل چىملار، يۇمران ئوت-چۆپلەر، ھەرخىل-ھەرياڭزا تاغ گۈللىرى قوياش نۇرىدا خۇددى كۈلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. يايلاۋاتقان توپ-توپ قوي-قوزىلار ئاسماندا ئەگىپ يۈرگەن

www.uyghurkitap.com

بۇلۇتلارغا ئوخشايتتى. شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرى سوغۇق ۋە لەززەتلىك ئىدى. گۈللەر، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا ئەگىپ ئۇچۇپ يۈرگەن ھەسەل ھەرىلىرى ۋە ئالدىراپ تاپىپ قانداق ھاشارەتلەر كىشىنىڭ **زوقىنى كەلتۈرەتتى.** سامادا قانات تۈگۈپ قېقىپ ئەركىن **پەرۋاز قىلىۋاتقان** بۈركۈت بارلىق يايلاق ئەھلىگە **ماھارەت** كۆرسىتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئىنسان بۇ جايدا ھەقىقەتەنمۇ ھوزۇر ۋە خاتىرجەملىك ھېس قىلىدۇ. كەڭرى رەھمەت، ئاجايىپ ھېكمەت ۋە يۈكسەك سەنئەتتىن بەھرىلىنىدۇ. ئەگەر سىز بۇ يەردە بولسىڭىز، **مامۇقتەك** يۇمشاق چىم ئۈستىدە يۆت ـ قوللىرىڭىزنى سوزۇپ يېتىپ، بۇ كەڭرىلىكتىن، گۈزەللىكتىن قېنىپ ھوزۇرلانغىنىڭىز كېلىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز ئاجايىپ ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمىسىز. يايلاقتا ئىنسان ئىنتىلىدىغان كەڭرىلىك، خاتىرجەملىك، يېشىللىق بار. يايلاق ھاياتلىقتىن خالىي بولماستىن، چوڭ ـ كىچىك جانىۋارلار ئىناق ياشايدىغان ئائىلىدۇر. كۆپكۆك تىنىق ئاسمان ئىنسانغا خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ. ئىنسان سورىمامدۇكى، بۇ گۈزەل مەنزىرىنى كىم لايىھەلەپ، كىم مەيدانغا كەلتۈردى؟ ئۇ يەنە دېمەمدۇكى، ئۇنىڭ **ئىجادكارى** مېنى ئەجەپ چۈشىنىدىغان زات ئىكەن، يايلاقنى مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىرىم بىلەن زىننەتلەپ، ئۇنى ماڭا گۈزەل ھوزۇر بېغىشلايدىغان قىپتۇ!

ئى تەبىئەتنىڭ رەببى الله، سەن گۈزەلدۇرسەن، گۈزەللىك **بەخش ئەتكۈچىسەن**، بىزنى نازۇ ـ نېئمەتلىك جەننەتنىڭ گۈزەل يايلاقلىرىدا **يايراتقىن!** «ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار جەننەتلەرنىڭ يايلاقلىرىدا يايرىتىلىدۇ»(سۈرە شۇرا، 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**كۆنۈكمە**

**1. تېكستنى راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.**

**2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:**

**يايلاق گۈزەللىك پاياناز ھەيۋەتلىك ئىنتىزامچان قەد كۆتۈرۈش قارىغاي پايانسىز زوقىنى كەلتۈرمەك ساما پەرۋاز قىلماق ماھارەت سەنئەت بەھرىلەنمەك ئىجادكار بەخش ئەتمەك يايرىتىش**

**3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:**

**______، ______ يايلاق ______، ______ گۈزەللىك**

**پايانسىز ______، ______ ماموۇقتەك ______، ______**

**ئەركىن ______، ______ ئىنتىزامچان ______، ______**

**4. جۈملە تۈزۈڭلار:**

**قەد كۆتۈرمەك ئەگىپ يۈرمەك پەرۋاز قىلماق سەنئەت بەھرىلەنمەك ئىجادكار**

**5. تېكستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:**

**1) يايلاق نېمىگە ئوخشىتىلغان؟**

**2) يايلاقتا نېمىلەر بار؟ ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا نېمىلەرگە ئوخشىتىلغان؟**

**3) يايلاقتا ياشايدىغان جانلىقلاردىن قايسىلار بار؟**

**4) يايلاق مەنزىرىسى نېمە ئۈچۈن كىشىلەرگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ؟**

**5) كىم يايلاق مەنزىرىسىنى ئىنسانىنىڭ گۈزەل قىلىپ ياراتقان؟**

**6) تېكستتىكى ئاخىرقى ئابزاسنىڭ ئاساسى مەزمۇنى نېمە؟**

**6. ئۆزۈڭلار بىۋاستە كۆرۈپ باققان مەنزىرىلىك جايدىن بىرىنىڭ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ بىر پارچە يېزىڭلار.**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 2.ئەزىم دەريا



ــ ئەجەپ يەر يۈزىنى سۈيۈپ ئاقىسەن، ئى **ئەزىم** دەريا! سەن زېمىننى شۇنچە ياخشى كۆرەمسەن؟

دەريا سۈيىنىڭ شىلدىرلاشلىرى خۇددى مۇنداق دەۋاتقاندەك قىلاتتى:

ــ شۇنمۇ ھېس قىلمىدىڭمۇ؟ زېمىن مەن بىلەن تىرىلسە، زېمىن ئەھلى مېنىڭ سۈيۈم بىلەن ياشىرىدۇ.

ــ سۇلىرىڭ نېمانچە تەملىك، ئى ئەزىم دەريا!؟ **چاڭقىغان** جىسمىمنى **زەپمۇ** قاندۇردۇڭ. دەريا سۈيىنىڭ قۇياش نۇرىدا **يالتىراشلىرى** خۇددى كۈلۈمسىرەپ مۇنداق دەۋاتقاندەك قىلاتتى: ـ سەن الله نىڭ مۇنۇ سۆزىنى بىلمەمسەن «سىلەرنى تاتلىق سۇ بىلەن سۇغاردۇق»(سۈرە مۇرسەلات، 27 ـ ئايەت)

ــ نىمىشقا توختىماي شىلدىرلاپ ئاقىسەن، ئى ئەزىم دەريا؟ بۇ سېنىڭ **كۈيلىرىڭمۇ** ياكى نالەڭمۇ؟

دەريانىڭ **دولقۇنلاپ** ئاققان سۇلىرى خۇددى مۇنداق دەۋاتاتتى:

ــ شىلدىرلاشلىرىمىز رەببىمىزنى مەدھىيلەش ۋە ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىشتۇر. بىزنى مەنپەئەتلىك، بەركەتلىك قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ رەھمىتى قىلغان رەببىمىز بارلىق

ئەيىپ ـ نۇقساندىن، شېرىك ـ يالغاندىن پاكتۇر!

— ئى ئەزىم دەريا، بەزىدە سۇلىرىڭ مول بولۇپ، قىرغاقلارغىچە يېتىپ بارىدىكەن، بەزىدە سۇلىرىڭ ئاز قالىدىكەن، بۇ سېنىڭ خۇشال ياكى **پەرىشان** بولۇشۇڭدىنمۇ؟

**يالماپ ـ يالماپ** كېلىۋاتقان دەريا دولقۇنلىرى خۇددى جىددى تۇسكە كىرگەندەك قىلاتتى:

— ئى ئىنسان، سەن نېمانچە **نادان!** مەن پەقەت بىر مەخلۇقمەن، سۇلىرىمنىڭ **مىقدارىنى** رەببىم الله باشقۇرىدۇ، سۇلىرىمنىڭ بەزىدە كۆپ بەزىدە ئاز بولۇشى رەببىمنىڭ سىلەر ئىنسانلارنى سىنىغىنىدۇر.

— ئى ئەزىم دەريا، سەن تولىمۇ سۆيۈملۈك ۋە بەرىكەتلىكسەن، سۇلىرىڭ شېرىن ۋە لەززەتلىكتۇر، سەن مەڭگۈ مۇشۇنداق تۇرالامسەن؟ سېنىڭ سۇلىرىڭدىنمۇ لەززەتلىك سۇ بارمۇ؟

بىر ئىزدا لەرزان ئېقىۋاتقان دەريا مۇنداق دەۋاتقاندەك قىلاتتى:

— مەن پەقەت رەببىم خالىغان مۇددەتتە زېمىن ئەھلىنى سۇ بىلەن **تەمىنلەيمەن**، مەڭگۈ بۇنداق تۇرىشىم مۇمكىن ئەمەس. سەن كۆرمىدىڭمۇ؟ بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا سۇلىرىم بۇنداق كۆپ ئەمەس ئىدى، بەلكىم بىر مەزگىلدىن كېيىن سۇلىرىم ئازلاپ قۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن. ئەقىل ئىگىسى بولساڭ، بۇنىڭدىن مېنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىمنى بىلىۋالالايسەن. شۇنداق ۋاقىتلار كېلىدۇكى، زېمىندا مەن، ھەتتا دېڭىز ـ ئوكيان، تاغلارمۇ بولمايدۇ، زېمىن پۈتۈنلەي **قاقاسلىققا** ئايلىنىدۇ...مېنىڭ سۈيۈم بۇ دۇنيادا شۇنچە لەززەتلىك تېتىغان بىلەن، جەننەتتىكى **ھەۋزى كەۋسەر** سۈيىگە سېلىشتۇرغاندا **بەتتام** ھېسابلىنىپ قالىدۇ. جەننەتتە يەنە ھەرخىل شىرىن، لەززەتلىك ئىچىملىكلەر ئاقىدىغان ئۆستەڭلەر ۋە بۇلاقلار بار، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەن ھەقىقەتەن **خىجىللىق** ھېس قىلىمەن، شۇڭا قىززىققۇچىلار شۇنىڭغا **قىززىقسۇن!**

## كۆنۈكمە

1. تېكستنى راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە روللارغا بۆلۈپ ئوقۇڭلار.

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

ئەزىم    چاڭقىغان    زەپمۇ    يالتىراش    كۆي    دولقۇنلاش    پەرىشان

يالماپ ـ يالماپ    نادان    مىقدار    تەمىنلەش    قاقاسلىق    ھەزى كەۋسەر

بەتتام    قىززىقماق

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

چاڭقىغان ______، ______    تەملىك ______، ______

زەپمۇ ______، ______    يالماپ ـ يالماپ ______، ______

نادان ______، ______    بەتتام ______، ______

4. جۈملە تۈزۈڭلار:

شىلدىرلىماق    يالتىرىماق    دولقۇنلىماق    پەرىشان    مىقدار    تەمىنلەش

قىززىقماق

5. تېكستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) ئەزىم دەريا نېمە ئۈچۈن زېمىننى سۆيۈپ ئاقىدۇ؟

2) ئەزىم دەريانىڭ تەملىك سۈيى اللەنىڭ قايسى سۆزىنى ئەسلىتىدۇ؟

3) ئەزىم دەريا سۈيىنىڭ شىلدىرلاشلىرىنىڭ نېمە مەنىسى بار؟

4) نېمە ئۈچۈن ئەزىم دەريانىڭ سۇ مىقدارى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ؟

5) ئەزىم دەريا مەڭگۈ زېمىن ئەھلىنى سۇ بىلەن تەمىنلەمدۇ؟

6) ئەزىم دەريانىڭ سۈيى ئەڭ لەززەتلىكمۇ؟ قايسى سۇلار ئۇنىڭدىنمۇ لەززەتلىك؟

6. ئەزىم دەريانىڭ تىلى بىلەن تېكست مەزمۇنىنى بايان قىلىپ بېرىڭلار.

www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 3. زەبەردەست تاغلار






(1)

تاغلار ئەجەب ئىسىل ماكاندۇر،
مۇجاھىدقا **پۇختا قورغاندۇر**.
تىك **قىيالار** ھەيۋەت ئەجەب،
كافىرلارغا بىر **گۆرىستاندۇر**.

(2)

تاغنىڭ ئەجەب كۆپتۇر **قىسسىسى**،
تاغدا توختاپ نۇھنىڭ كېمىسى.
ئەشۇ تاغدىن ۋەھيي بىرىلگەن،
پەيغەمبەر بوپ مۇسا ئىككىسى.

(3)

رەسۇل **ئەكرەم** ھىرا **غارىدا**،
**ئىززەتلەنگەن** قۇرئان نۇرىدا.
**ساھىبى** ھەم غاردا ئىدىغۇ،
ئۇنىڭ بىلەن ھىجرەت يولىدا.

(4)

ئەمدى نۆۋەت بىزلەرگە يىتىپ،
يۇردۇق تاغدا ماكانلار ئىتىپ.
نىيەت ئەتتۇق يەتكۇسى چۇقۇم،
ئىسلام نۇرى چەت ـ چەتكە يىتىپ.

**كۆنۈكمە**

1. شېئىرنى ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

______ ماكان ______ ھەيۋەت ______، ______

پۇختا ______، ______ ______، ______ نۇرى

______، ______ تاغ ______ نىيەت ______

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قاپىيداش سۆزلەرنى يېزىڭلار:

ئاي: ______، ______ غار: ______، ______

تاغ: ______، ______ يول: ______، ______

5. شېئىرنىڭ ھەربىر كۇبلېتىنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

6. شېئىرنىڭ قايسى كۇبلېتىدا شېئىرنىڭ ئەڭ ئاساسى مەزمۇنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشىق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى شەيئىلەرنى ماس كېلىدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەپ چىقىڭلار.

شەيئىلەر: يايلاق، قارغاي، ئاسمان، دەريا، تاغ

سۈپەتلەر: ياپيېشىل، كەڭرى كەتكەن، قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، زەبەردەست، پايانسىز، كۆپكۆك، ماھۇقتەك يۇمشاق، دولقۇنلاپ ئاققان، شىلدىرلاپ ئاققان، ئەزىم، ئېگىز، رەتمۇ-رەت

2. تۆۋەندىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئەسلەڭلار.



ئۇيغۇر كىتاب تورىيتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پايانداز ئىنتىزامچان پايانسىز پەرۋاز قىلىش بەھىرلىنىش ئىجادكار ئەزىم زەپمۇ يالتىراش پەرىشان مىقدار تەمىنلەش خىجىلچىلىق قورقماس

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

پايانسىز ________، ________ ئەركىن ________، ________

ئىنتىزامچان ________، ________ چاڭقىغان ________، ________

يالماپ ـ يالماپ ________، ________ زەپمۇ ________، ________

4. جۈملە تۈزۈڭلار:

گۈزەللىك قەد كۆتۈرۈش پەرۋاز قىلىش سەنئەت ئىجادكار يالتىراش دولقۇنلاش پەرىشان مىقدار تەمىنلىمەك

5. يېزىقچىلىق مەشقى:

الله بىز ئۈچۈن گۈزەل شەيئىلەرنى، مەنزىرىلەرنى يارىتىپ بەرگەن بولۇپ بىزنىڭ بۇلارنى باشقىلارغا تەسۋىرلەپ بەرگىمىز، قەلبىمىزدىكى ھاياجان ۋە شادلىقلارنى سۆزلىگىمىز كېلىدۇ. بۇ الله نىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكرى ئېيتىش، شۇنداقلا الله نىڭ قۇدرىتىنى ۋە رەھمىتىنى تونۇش ھېساپلىنىدۇ.

مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلىگەندە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تىل ۋاستىسى(ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر) ئوخشىتىش ۋە سۈپەتلەش قاتارلىقلاردۇر. ئالدى بىلەن بىز تەسۋىرلىمەكچى بولغان شەيئى ياكى مەنزىرىنى تەپسىلى كۆزىتىمىز، ئالاھىدىلىكىنى بايقايمىز، بىزگە قانداق تۇيغۇلارنى بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. يازغاندا ئاۋۋال شەيئى ياكى مەنزىرىنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشىنى تەسۋىرلەيمىز، ئاخىرىدا قەلبىمىزدىكى ھېسياتىمىزنى ئىپادىلەيمىز.

قەلبىدىكى چوڭقۇر ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئىپادىلەپ يېزىلىدىغان قىسقا ھەجىملىك ئەسەرنى نەسىر دەپ ئاتايمىز. بۇ بۆلەكتىكى «يايلاقتا ساياھەت»، «ئەزىم دەريا»

قاتارلىق تېكىستلەر نەسىر ھېساپلىنىدۇ. نەسىردە بىزنى ھاياجانغا سالغان شەيئىنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغاچ، ئۇنىڭ تەسىرىدە قەلبىمىزدە ھاسىل بولغان ھېسياتلارنى ئىپادىلەيمىز. نەسىر ناھايىتى تەبىئىي يېزىلىدىغان ئەسەر بولۇپ، قەلبىمىزدە قانداق ھېس ـ تۇيغۇلار مەيدانغا كەلسە ئۇنى گۈزەل ۋە راۋان تىل بىلەن ئىپادىلىسەكلا بولىدۇ. ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلار بىۋاستە كۆرگەن ۋە سىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان مەنزىرە ياكى بىرەر شەيئىنى تەسۋىرلەپ بىر پارچە نەسىر يېزىڭلار.

 

**6. پىكىر بايان قىلىڭلار:**

**1)** نېمە ئۈچۈن الله بىزگە گۈزەل كۆرۈنىدىغان نەرسىلەرنى يارىتىپ بەرگەن؟

**2)** سىز كۆرگەن ئەڭ گۈزەل نەرسە نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى گۈزەل دەپ قارايسىز؟

**3)** گۈزەللىك پەقەت سىرتقى كۆرۈنۈشتىمۇ ؟ ھەقىقىي گۈزەللىك قانداق بولىدۇ؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# قېرىنداشلىق

## 2 ـ بۆلەك



ئۇلۇغ اللە مۇنداق دېگەن:«مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر»(سۈرە ھۇجۇرات، 10 ـ ئايەت). پەيغەمبىرىمىزمۇ «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر» دېگەن. ئۇماق قېرىنداشلار، شۇڭلاشقا بىزمۇ سىلەرنى «قېرىنداشلار» دەپ ئاتايمىز، ھەم شۇنداق دەپ بىلىمىز. سىلەرنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىڭلار بارمۇ؟ «قېرىنداش» دېگەن سۆز ئەسلىدە « بىر قۇرساقتا تۆرىلىپ تۇغۇلغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. گەرچە بىر ئانىدىن تۇغۇلمىسىمۇ، ئورتاق غايە، نىشان ئۈچۈن ئۇيۇلتاشتەك ھەمكارلىشىپ، سېنىڭ، مېنىڭ دېيىشمەيدىغان، تەڭ خۇشال بولۇپ، تەڭ قايغۇرىدىغان كىشىلەرنى ھەم قېرىنداش دەپ ئاتايمىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى شۇنچە يېقىن، ئىناق بولغانكى خۇددى بىر تۇغقان قېرىنداشلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. بىز بۇ بابتا اللە تىلغا ئالغان مۇشۇ خىلدىكى ئىمانىي قېرىنداشلىق ھەققىدە سۆزلەيمىز.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 4. قېرىنداشلىرىم ۋە مەن

مەن يالغۇز پەرزەنت بولغاچقا، هازىرغىچە قېرىنداشلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى هېس قىلالمايتتىم. باشقا بالىلارنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە ئويناپ، بىللە مەكتەپكە بېرىپ-كېلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرسەم، ئۇلارغا تولىمۇ **هەۋەسىم كېلەتتى.** گەرچە ئاتا-ئانام مېنى تولىمۇ **ئەركىلەتسىمۇ**، قېرىندىشىم يوقلىقىدىن بىر خىل **يالغۇزسىرايتتىم.** اللەنىڭ نېئمىتى بىلەن، مەن ئاخىرى قېرىنداشلىققا ئېرىشتىم، مېنى بىر تۇغقان قېرىنداشتىنمۇ **چارە كۆرىدىغان** قېرىنداشلارغا ئېرىشكەنىدىم. بۇ مۇنداق بىر ھېكايە ئىدى.

يۇرتىمىزدىكى دىنىي بېسىم تۈپەيلىدىن بىز باشقا بىر يۇرتقا ھىجرەت قىلدۇق. بۇ يۇرت ھەققەتەن بىزنىڭ يۇرتىمىزغا قەتئىي ئوخشىمايتتى. بۇ يۇرتتا ياشايدىغان كىشىلەرمۇ يۇرتىمىزدىكى كىشىلەرگە قەتئىي ئوخشىمايتتى. مەن بۇ ياقا يۇرتتا تېخىمۇ **يېتىمسىراشقا** باشلىدىم. گەرچە ئاران ئالتە ياشقا كىرگەن بولساممۇ، قەلبىم ئانا يۇرتۇمنى سېغىنىپ قاتتىق **ئۆرتىنىۋاتاتتى.** مەن ئاخىرى ئانامنىڭ **باغرىغا** ئۆزۈمنى ئېتىپ **ئۆكسۈپ** يىغلاپ كەتتىم. ئانام مېھرىبانلىق بىلەن چاچلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ:«سەبرى قىلغىن ئوغلۇم، بىز يۇرتىمىزنى پەقەت الله ئۈچۈن **تەرك ئەتتۇق**، الله جەزمەن بىزگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى يۇرتنى ۋە ئۇ يەردىكى يېقىن كىشىلىرىمىزدىنمۇ ياخشى كىشىلەرنى ئاتا قىلىدۇ» دېدى. مەن بۇنى ئاڭلاپ، ئۈمىدۋارلىق ۋە **تەئەججۈپ** ئىلكىدە ئانامنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئانام ماڭا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

**دەرۋەقە**، بىز بۇ ناتونۇش يۇرتتا تولىمۇ ئىسسىل بىر توپ كىشىلەرگە قېتىلدۇق. ئۇلار بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى، خۇددى يېقىن تۇغقانلىرىنى كۈتىۋالغاندەك ياخشى

**كۈتىۋالدى.** ئۇلار بىزنىڭ ئۆزلىرىگە قىتىلغانلىقىمىزدىن تولىمۇ سۆيۈندى. مەن ئاستا ـ ئاستا ئىللىقلىق ھېس قىلىشقا باشلىدىم. شۇ ئارىدا مەن دىمەتلىك بىر قانچە بالا كىرىپ، مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۆزلىرىنى **تونۇشتۇردى.** مەن بۇ يەردىمۇ دوست تېپىۋالغىنىمدىن تولىمۇ **خۇرسەن بولۇپ**، ئۆزۈمنى تونۇشتۇردۇم. مەن ئانامنىڭ رۇخستى بىلەن ئۇلار بىلەن سىرتقا چىقىپ ئوينىدىم. بۇ باللار ناھايتى **ئەدەپلىك** ئىدى. ئوينىغاندىمۇ ماڭا **يول قۇيىشاتتى**، مېنى كونا دوستلىرىدەك **ئۆز كۆرەتتى.** مەنمۇ بارا ـ بارا ئۇلارغا قىتىلىپ كەتتىم.

ئەتىسى دادام مېنىڭ بۇگۈندىن باشلاپ مەدرىسكە ئوقۇشقا بارىدىغانلىقىمنى ئېيتتى. مەن قۇرئان كەرىمنى ۋە يۇرتتىن ئېلىۋالغان بەزى ئوقۇش قۇراللىرىمنى ئېلىپ مەدرىسكە مېڭىشقا تەييارلاندىم. ئىشىك ئالدىدا تۇنۇگۇنكى ھەمراھلىرىم مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇلارنى كۆرۈپ ناھايتى خوشال بولدۇم. بىز بىرلىكتە مەدرىسكە ماڭدۇق. ئۇلار يولدا ماڭغاچ، ئۇستاز ئۆگەتكەن ھەدىسلەرنى ماڭا ئۆگەتتى.

مەدرىس دەرسخانىسىغا كىرگىنىمىزدە، ئۇستازىمىز بىزنى ئىللىق چىراي بىلەن سالام قىلىپ كۈتىۋالدى، باشقا باللارمۇ مەن بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ئەتراپىمنى ئورىۋېلىشقاندى. دەرس باشلاندى. ئۇستازىمىز دوسكىدىكى ئەرەبچە يېڭى سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىشنى ئېيتتى. مەن ھەرقانچە ئىزدەپمۇ قەلىمىمنى تاپالمىدىم. ئۆيدىن چىققاندا سومكامغا سالغاندەك **يادىمدا** ئىدى، ئەمما ھازىر تاپالمايۋاتاتتىم. بۇنى سەزگەن ئىككى يېنىمدىكى پارتىداشلىرىم تەڭلا ماڭا «بۇنى ئىشلىتىڭ» دەپ بىردىن قەلەم سۇندى. مەن ئۇلارنىڭ چىرايىغا قارىدىم، ئۇلار سەمىمىي كۈلۈمسىرەپ مېنىڭ قەلەمنى ئېلىشىمنى كۈتۈپ تۇراتتى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى ۋە **مۇئامىلىسىدىن** باشقىچە يېقىنلىق ھېس قىلدىم. مەن ئىلگىرى بۇنداق تۇيغۇنى ھېس قىلىپ باقمىغانىدىم. مەن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، ئوڭ تەرىپىمدىكى پارتىدېشىمنىڭ قەلىمىنى

ئالدىم. ئۇ:«ئال قېرىندىشىم، بۇ قەلەم ئەمدى سېنىڭ بولدى» دېدى. مەن ئاجايىپ يېقىملىق تۇيغۇغا **چۆمدۇم.** ئىچىمدە «مېنىڭمۇ قېرىنداشلىرىم بار بولدى» دەپ پىچىرلايتتىم. مەن ئانامنىڭ ھەقىقەتەن راست ئېيتقانلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە اللەغا چىن كۆڭلۈمدىن شۈكرى ئېيتتىم.

## كۆنۈكمە

1. تېكستنى راۋان ۋە جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

ھەۋىسى كېلىش   ئەركىلىتىش   يالغۇزسىراش   چارە كۆرۈش   يىتىمسىراش

ئۆرتىنىش   باغرى   ئۆكسۈپ يىغلاش   تەرك ئېتىش   تەئەججۈپ   دەرۋەقە

كۈتۈۋالماق   تونۇشتۇرماق   خۇرسەن بولماق   ئەدەپلىك   يول قويۇش   ئۈز

كۆرۈش   ياد   مۇئامىلە   چۆممەك

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

______، ______ يۇرت        ئەدەپلىك ______، ______

______، ______ چىراي        ______، ______ تۇيغۇ

قىزغىن ______، ______        قەتئىي ______، ______

4. جۈملە تۈزۈڭلار:

ئەركىلەتمەك   يالغۇزسىراش   ...دىنمۇ چارە كۆرمەك   يىتىمسىراش   تەرك ئېتىش   تەئەججۈپ   خۇرسەن بولۇش

5. تېكستنى قايتا ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) «مەن» نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە قېرىنداشلىقنى ھېس قىلىپ باقمىغان؟

2) «مەن»نىڭ ئائىلىسى باشقا يۇرتقا ھىجرەت قىلغاندا، ئۇ دەسلىپىدە قانداق ھېسياتتا بولدى؟

3) «مەن»نىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللىي بەردى؟ ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

4) «مەن» ناتونۇش يۇرتتا قانداق كىشىلەرگە ۋە قانداق بالىلارغا يولۇقتى؟

5) «مەن»گە مەدرىستىكى ئۇستاز ۋە ئۇقۇغۇچىلار قانداق مۇئامىلىدە بولدى؟

6) «مەن» قەلىمىنى تاپالمىغاندا نېمە ئىش يۈز بەردى؟

7) «مەن» پاتىداشلىرىنىڭ مۇئامىلىسىدىن نېمىنى ھېس قىلدى؟

6. تېكىستنىڭ ئاساسى مەزمۇنى نېمە؟

7. سىلەرنىڭمۇ تېكىستتىكى «مەن»گە ئوخشاش ئىمانىي قېرىنداشلىقنى ھېس قىلغان سەرگۈزەشتەڭلار بارمۇ؟ ئەگەر بولسا، ئۆز ـ ئارا سۆزلەپ، پىكىر ئالماشتۇرۇڭلار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 5. بىزنىڭ چوڭ «ئائىلىمىز»




بىز اللەنىڭ قېرىنداش بەندىلىرىمىز، بىزنىڭ نامىمىز مۇسۇلمانلاردۇر. بىزنىڭ شۇئارىمىز «اللەدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ رەسۇلى»دۇر. بىزنىڭ ئۇستازىمىز ۋە **يولباشچىمىز** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. بىزنىڭ ئىگىمىز ۋە پادىشاھىمىز ھەممىنىڭ رەببى بولغان **يۈكسەك، ئۇلۇغ** اللەدۇر. بىزنىڭ **قانۇنىمىز** اللەنىڭ ھۆكۈملىرى بولغان شەرىئەتتۇر. بىزنىڭ ھايات دەستۇرىمىز ۋە بىلىم خەزىنىمىز اللەنىڭ سۆزلىرى بولغان قۇرئان كەرىمدۇر.

بىز «ئىسلام»دىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىدە ياشايمىز. ئۆيىمىز بارلىق ئىسلام **دىيارلىرىدۇر**. بىز ھەرخىل تىلدا سۆزلەيمىز، ئەمما قەلبىمىز ۋە ھايات يولىمىز بىردۇر. بۇ ئائىلە ھەقىقى **تىنچ-ئامان** ئائىلىدۇر، ئۇنىڭغا كىرگەنلەر خاتىرجەملىككە ۋە **ئەمىنلىككە** ئېرىشىدۇ. ئائىلىمىزدىكى بىر قېرىنداش ئاچ قالسا، ھەممىيلەن ئۇنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئائىلىمىزدىكى بىر قېرىنداش ئاغرىپ قالسا، ھەممىيلەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئازابلىنىدۇ ۋە ساقىيىش ئۈچۈن تېرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. بۇ ئائىلىدە ھېچكىم ھېچكىمنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، اللەدىن

باشقىدىن قورقمايدۇ. چۈنكى «مۇسۇلمان دېگەن باشقا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ قولى ۋە تىلىدىن ئامان قالغان كىشىدۇر»(ھەدىس). قېرىنداشلىرىمىزدىن بىرەرسى قىيىنچىلىقتا قالسا، بىز ئۇنى ياردەمسىز تاشلاپ قويمايمىز، قېرىندىشىمىزنى دۈشمىنىگە تاشلاپ قويمايمىز.

بىز ئۆز-ئارا سەمىمىي ئىشەنچلىك قېرىنداشلاردۇرمىز. ئائىلە باشلىقىمىز خەلىپە ھەممەيلەننىڭ **غېمىنى** يەيدۇ، بىزگە كۆيۈنىدۇ، شۇنداقلا بىز ھەممەيلەن ئائىلىمىزنىڭ غېمىنى يەيمىز، خەلىپىگە **ھەمدەمدە بولىمىز.** بىز ئۆز-ئارا ياخشىلىق قىلىشىمىز، بىر-بىرىمىزگە ئېغىرچىلىقىمىزنى سالمايمىز. ئۆز-ئارا نەسىھەت قىلىشىپ، توغرا يولغا باشلايمىز، يامانلىقتىن توسۇپ، ياخشىلىققا بۇيرۇيمىز. قېرىنداشلىرىمىزدىن بىرەرسى شەيتانىنىڭ **تورىغا** چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنى اللەنىڭ **تائىتىگە** تارتىپ كېلىمىز. بىز مۇشۇنداق «ئىنسانلار مەنپەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەت»مىز.

ھازىر نېمە بولدىكى، ئىنسان ۋە جىندىن بولغان شەيتانلار بىزنىڭ چوڭ ئائىلىمىزنى پارچىلاپ، بىز قېرىنداشلارنى بىر-بىرىمىزدىن **ئادا-جۇدا** قىلىۋاتىدۇ. بەزىلىرىمىز ئۇلارنىڭ **ئالدام خالتىلىرىغا** چۈشۈۋاتىدۇ. كىمنىڭمۇ بىزنىڭكىدەك بارلىق ئىنسان **نەسلىنى** سىغدۇرىدىغان چوڭ بەختلىك، ئىللىق ئائىلىسى بار؟ بىز اللەنىڭ نېئمىتى بولغان بۇ چوڭ ئائىلىمىزنى تۇزەپ، قايتا قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ اللەنىڭ ئارغامچىسىغا ئېسىلىش بىلەن بۇ چوڭ ئائىلىگە قايتىپ كېلىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمىز ۋە اللەتىن **ئۆتۈنۈپ** تىلەيمىز.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

يولباشچى يۇكسەك ئۇلۇغ قانۇن دىيار تىنچ ـ ئامان ئەمىن غەم

ھەمدەمدە بولۇش تۇزاق تائەت ئادا ـ جۇدا ئالدام خالتا نەسلى

ئۆتۈنمەك

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

ئورتاق ______، ______ الله ______، ______

تىنچ ـ ئامان ______، ______ شەيتاننىڭ ______، ______

______، ______ نەسلى ______، ______ ئائىلە

4. جۈملە تۈزۈڭلار:

قانۇن دىيار ھەمدەمدە بولۇش غېمىنى يېيىش تائەت ئادا ـ جۇدا

5. تېكىستنى قايتا ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) بىز اللەنىڭ قانداق بەندىلىرى؟ بىزنىڭ قانداق ئورتاقلىقىمىز بار؟

2) بىزنىڭ چوڭ ئائىلىمىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز قەيەردە؟

3) بىزنىڭ چوڭ ئائىلىمىز قانداق ئائىلە؟ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

4) ئائىلە باشلىقى ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئائىلىگە قانداق كۆيۈنىدۇ؟

5) چوڭ ئائىلىدىكى بىرەر قېرىنداشتا يامانلىق يۈز بەرسە قانداق قىلىمىز؟

6) چوڭ ئائىلىمىز ۋە ئائىلە ئەزالىرى ھازىر قانداق بولۇپ قالدى؟

6. تېكىستتىكى بىرىنچى ئابزاسنى چۈشۈنۈپ يادلىۋېلىڭلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ھېس قىلىڭلار.

7. چوڭ ئائىلىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 6. بىرلىشىش رەھمەت




سۆيۈملۈك يول باشچىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز مۇسۇلمانلارنى **ئىتتىپاقلىشىشقا**، بىرلىشىشكە چاقىرىپ مۇنداق دېگەن:«بىرلىشىش رەھمەت، ئايرىلىش ئازابتۇر». مۇسۇلمان ئۈممىتىنىڭ بىرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقى، الله بۇيرىغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقىرغان مۇھىم **پەرىزلەرنىڭ** بىرىدۇر. **دانا** پەيغەمبىرىمىز بۇ ئىتتىپاقلىقنىڭ ئەمەلىيەتتە بىز ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ۋە **قەدىرلىك** ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ يۇقارقى سۆزىنى ئېيتقان.

كىشىلەرنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنىڭ ھەرخىل بولۇشى اللهنىڭ قانۇنىيىتىدۇر. چۈنكى كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، كۆرگەن، بىلگەنلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما ئىنسان ئۆز ھاياتىدا يەككە ـ يېگانە ياشاپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانلار توپلىشىپ بىر جەمىيەت تۈزۈپ ياشايدۇ. بىرلىشىپ ياشاش ئۈچۈن چوقۇم ئورتاق نىشان، ئورتاق تۈزۈم بولۇشى كېرەك. جاھىلىيەت جەمىيەتلىرىنىڭ ئورتاق نىشانى ھاياتى دۇنيانىڭ **مەئىشەتلىرىگە** ئېرىشىش، ئورتاق تۈزۈمى بولسا، يۇقىرى **تەبىقىدىكى** ئىنسانلار

ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن ـ تۈزۈملەردۇر. بۇنداق جەمىيەتلەردە ھەقىقى مەنىدە خۇشال ـ خۇرام ياشىيالمايدۇ. گەرچە ماددىي تۇرمۇش قولايلاشقان بولسىمۇ، مەنىۋى جەھەتتىن خاتىرجەملىك ۋە بەخت ھېس قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق جەمىيەتلەردە، ھەممە ئىنسان ماددىي مەنپەئەت يەنى پۇلنىلا كۆزلەيدۇ. پۇل ئۈچۈن **تىلغا ئالغۇسىز**، پەسكەش جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ.

رەببىمىز الله بىزنى ئۆز ـ ئارا **بۇلاڭ ـ تالاڭ** قىلىپ، بىر ـ بىرىگە زۇلۇم سېلىپ ياشىمىسۇن، بەلكى ئۆز ـ ئارا ياردەم قىلىشىپ، بىر ـ بىرىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ ياشىسۇن، دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتكەن. اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئىنسانلارنى اللەغىلا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت بىر توغرا يولغا چاقىرىدۇ. بۇ بىرلىك شۇئارى ئاستىغا يىغىلغان كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن الله ئەڭ ئادىل، ئەڭ توغرا ھۆكۈملەرنى نازىل قىلغان. مۇشۇنداق اللەغىلا ئىبادەت قىلىش ئورتاق غايىسى ئاساسىدا بىرلەشكەن، تۈزۈملىرى اللەنىڭ **شەرىئىتى** بولغان جەمىيەتلەر ھەقىقى بەختلىك جەمىيەت بولغان ئىسلامىي جەمىيەتتۇر. يەنە بىر جەھەتتىن، يالغۇز بىر كىشى ياخشىلىققا چاقىرسا، باشقىلار ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماسلىقى مۇمكىن، ھەتتا **رەزىللىكنى** ياقتۇرىدىغان **ياۋۇز** كىشىلەر ئۇنىڭغا **زىيانكەشلىك** قىلىشى مۇمكىن. ئەمما بىر توپ كىشى ئۆز ـ ئارا ناھايىتى ياخشى ۋە پەزىلەتلىك بولۇپ، باشقىلارنى ھەم شۇنداق بولۇشقا چاقىرسا، ئەلۋەتتە اللەنىڭ ياردىمى بىلەن غەلبە قىلالايدۇ. بۇ يولدىكى ھەرقانداق توسقۇنلۇققا بىرلىشىپ قارشى تۇرىدۇ. ئىتتىپاقلىق كۈچ ئەمەسمۇ؟ شۇڭا بىز الله ئاتا قىلغان بىرلىشىشتىن ئىبارەت بۇ رەھمەتنى ھەقىقى رەۋىشتە تونۇپ، ئۇنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. دۈشمەنلەر پارچىلىغان بىرلىكىمىزنى قايتا **قۇرۇپ چىقىشىمىز** كېرەك.

**كۆنۈكمە**

**1. تېكستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.**

**2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:**

**ئىتتىپاقلىشىش پەرىز دانا قەدىرلىك مەئىشەت تەبىقە كۆزلىمەك تىلغا ئالغۇسىز پەسكەش بۇلاڭ ـ تالاڭ شەرىئەت رەزىللىك ياۋۇز زىيانكەشلىك قۇرۇپ چىقىش**

**3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:**

**قەدىرلىك ______، ______ يەككە ـ يىگانە ______، ______**

**______، ______ جەمىيتى رەزىل ______، ______**

**پەزىلەتلىك ______، ______ ياۋۇز ______، ______**

**4. جۈملە تۈزۈڭلار:**

**ئىتتىپاقلىشىش مەئىشەت تەبىقە كۆزلەش قۇرۇپ چىقماق**

**5. تېكستنى قايتا ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:**

**1) مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنى قانداق؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قانداق چۈشەندۈرگەن؟**

**2) ئىنسانلار نېمە ئاساسدا توپلىشىپ جەمىيەت تۈزىدۇ؟**

**3) جاھىلىيەت جەمىيەتلىرىنىڭ ئورتاق نىشانى ۋە تۈزۈمى نېمە؟**

**4) ئىسلامىي جەمىيەتنىڭ ئورتاق غايىسى ۋە تۈزۈمى نېمە؟**

**5) نېمە ئۈچۈن ياخشىلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىر توپ كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرستىشى لازىم بولىدۇ؟**

**6. بىز مۇسۇلمانلار ياخشىلىق ئومۇملاشقان، ھەقىقى بەخت ـ سائادەتلىك جەمىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟**

www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشىق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى جۈملە ۋە ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار.

1) «سەبرى قىلغىن ئوغلۇم، بىز يۇرتىمىزنى پەقەت الله ئۈچۈن **تەرك ئەتتۇق**، الله جەزمەن بىزگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى يۇرتنى ۋە ئۇ يەردىكى يېقىن كىشىلىرىمىزدىنمۇ ياخشى كىشىلەرنى ئاتا قىلىدۇ».

2) «مۇسۇلمان دېگەن باشقا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ قولى ۋە تىلىدىن ئامان قالغان كىشىدۇر»(ھەدىس).

3) «بىرلىشىش رەھمەت، ئايرىلىش ئازاپ» (ھەدىس).

2. تۆۋەندىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئەسلەڭلار.

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

يۇرت ________، ________ ئەدەپلىك ________، ________

قەتئىي ________، ________ تىنچ ـ ئامان ________، ________

________، ________ نەسلى ________، ________ چىراي

قەدىرلىك ________، ________ رەزىل ________، ________

4. جۈملە تۈزۈڭلار.

يالغۇزسىراش يېتىمسىراش تەرك ئېتىش دىيار ئامان قېلىش غېمىنى يېيىش ئادا ـ جۇدا ئىتتىپاقلىق مەئىيشەت قۇرۇپ چىقماق

5. يېزىقچىلىق مەشىقى.

بايان ماقالىسى بولسا مەلۇم بىر ۋەقەنى بايان قىلىپ يېزىلىدىغان ماقالىدۇر. بايان ماقالىسىنىڭ ۋەقەلىكى كۆپىنچە ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن ياكى ھەقىقى ۋەقەلەر ئازراق

ئۆزگەرتىلگەن بولىدۇ. بايان قىلىنغان ۋەقە ئەمەلى باشتىن كەچۈرگەن ۋەقە بولسا ماقالىنىڭ تەسىر كۈچى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. بايان ماقالىسىدا بايان قىلماقچى بولغان ۋەقەلىكنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى، ئورنى، ئۇنىڭغا قاتناشقان شەخسلەر، ۋەقەلىك جەريانى، ۋەقەنىڭ سەۋەبى، نەتىجىسى بايان قىلىنىدۇ، بۇ بايانىنىڭ ئالتە ئامىلى دېيىلىدۇ، ئاخىرىدا ئاپتور بۇ ۋەقەگە قارىتا ئۆزىنىڭ تەسىراتىنى ياكى كۆزقارشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

«قېرىنداشلىرىم ۋە مەن» نامىلىق تېكىست بايان ماقالىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بايانىنىڭ ئالتە ئامىلىنى تېپىپ چىقىڭلار.

ئۆزۈڭلارغا تونۇشلۇق بولغان بىرەر شەخس ياكى باشتىن كەچۈرگەن ۋە سىلەرگە تەسىر قىلغان بىرەر ۋەقەلىكنى تاللاپ بىر پارچە بايان ماقالىسى يېزىپ چىقىڭلار. پايدىلىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ماۋزۇلار بېرىلدى:

«مېنىڭ ئانام»، «مېنىڭ دادام»، «مېنىڭ ئۇستازىم»، «مېنىڭ قېرىندىشىم»

**6.** تەپەككۇر مەشىقلىرى: شەيئىلەرنى رەتكە تىزىش

**1)** چوڭدىن كىچىككە قاراپ، تۆۋەندىكى شەيئىلەرنى رەتكە تىزىڭ:

جۇملە، بۆلەك، سۆز ____________________

ماشىنا يولى، پىيادىلەر يولى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول، تاشيول

____________________

ئورمان، دەرەخ شېخى، دەرەخ، دەرەخ ئۇچى

____________________

پىلانىت، ئالەم، ئاي شارى، قۇياش ____________________

2) ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تۆۋەندىكى شەيئىلەرنى رەتكە تىزىڭلار:

گۈگۈم، چىڭقى چۈش، سۈبھى، يېرىم ________________________

گۈلدۈرماما، قىيان كېلىش، چاقماق چېقىش، يامغۇر يېغىش

________________________________________

كېپىنەك قۇرتى، تۇخۇم، كېپىنەك ________________________

كەشىپ قىلىش، مەھسۇلات سېتىش، پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ________________________________________

مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش، لايىھىلەش، سىرلاش، بىنا قىلىش

________________________________________

7. پىكىر بايان قىلىڭلار.

1) سىلەرنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىڭلار بارمۇ؟ مۇناسىۋىتىڭلار قانداق ؟

2) سىلەر تۇغقانچىلىقىڭلار بولمىغان مۇسۇلمان كىشىلەرگە ياكى بالىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىسىلەر ؟

3) مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداشلىقىنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

بِسْمِ اللّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

**3 ـ بۆلەك**

# الله نىڭ چاقىرىقلىرى




رەببىمىز الله بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەت يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن كىتاب نازىل قىلدى. الله ئۆز كىتابىدا بىزنى مۇۋاپىقىيەتكە، ياخشىلىققا چاقىردى. مۇۋاپىقىيەت قازىنىش يەنى دەۋزەختىن يىراقلىشىپ جەننەتكە كىرىشنى نىيەت قىلغان ئەقىل ئىگىلىرى بۇ چاقىرىقلارغا ئەلۋەتتە ئاۋاز قوشىدۇ. الله نىڭ چاقىرىقلىرىغا ئاۋاز قوشۇش پەقەت تىلدا ‹ئاڭلىدۇق› دېيىشلا بولماستىن بەلكى ئەمەلى ھەركىتىمىز بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ، الله كىتابىدا بىزنى ئۆزىگە تەقۋادارلىق قىلىشقا، ھەرۋاقىت ئۆزىنى ئەسلەشكە، ئۆز يولىدا سەرىپ قىلىشقا چاقىرغان. بىز الله خالىسا بۇ بۆلەكتە مۇشۇ چاقىرىقلار ۋە ئۇنىڭغا ھەقىقى رەۋىشتە ئاۋاز قوشۇش ھەققىدە سۆزلەيمىز.

www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 7. ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش




«ئى مۆئمىنلەر، ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ۋاپات بولۇڭلار»(سۈرە ئالئىمران، 102 ـ ئايەت).

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار، سىلەر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈردۈڭلار، شۇنداقمۇ؟ سىلەرگە ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق يەنى ئاللاھتىن باشقا ئىگە، ھۆكۈمران يوق، شۇنداققۇ؟ سىلەرنىڭ يەككە ـ يىگانە، ئۇلۇغ ھۆكۈمرانىڭلار سىلەرگە بۇيرۇق قىلىۋاتىدۇ. سىلەرنى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇۋاتىدۇ، ھەمدە سىلەرنى تاكى ئۆلگىچە ئۇنىڭغا بويسۇنغان كامىل مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا چاقىرىۋاتىدۇ. بىز رەببىمىزنىڭ بۇ **چاقىرىقىغا** ئاۋاز قېتىش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئۇ چاقىرىقنىڭ مەزمۇنىنى، **ماھىيىتىنى** ئوبدان چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

تەقۋادارلىق قىلىش دېگەننىڭ **لوغەت** مەنىسى «قورقۇش» دېگەنلىكتۇر. ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىش دېگەنلىك بولسا، ئاللاھدىن لايىق رەۋىشتە قورقۇش دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنداقتا ئاللاھتىن لايىق رەۋىشتە قورقۇشنىڭ **ئىپادىلىرى** قايسىلار؟ ئاللاھ بۈيۈك كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە، ھەممىگە قادىر زاتتۇر. ئاللاھنىڭ بۇ سۈپەتلىرى كىشىنىڭ قەلبىنى **لەرزىگە سېلىپ، ئەيمىندۈرمەي** قالمايدۇ. ئاللاھ ھەممىدىنن كۈچلۈكتۇر، ئۇ غالىبتۇر،

ھېچ ئەھەدى ئۇنىڭغا **تەڭ كېلەلمەيدۇ**، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئازابى ناھايىتى قاتتىقتۇر بۇنى ھېس قىلغان كىشى چوقۇم *اللە*تىن قاتتىق ئەيمىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى ھەرقانداق قىلىۋېتىشكە قادىر ئىكەنلىكىنى **جەزىم قىلىپ** يېتىدۇ. شۇڭا *اللە*نىڭ ئازابىغا **دۇچار بولۇشتىن** قاتتىق **ئېھتىيات قىلىدۇ.** شۇڭلاشقا *اللە*غا تەقۋادارلىق قىلىشنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى *اللە*نىڭ بۇيرىغانلىرىنى **جان-پىدالىق** بىلەن ئورۇنداش، *اللە*نىڭ **چەكلىگەنلىرىدىن** قەتئىي يېنىشتۇر.

*اللە*نىڭ ئەمىرلىرىنى بىجا كەلتۈرۈشكە، توسقانلىرىدىن يېنىشقا **سۇسلۇق قىلىش، سەل قاراش** مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر، يەنى *اللە*نى ھەقىقى تونىمىغان، ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئىمان ئېيتمىغانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. *اللە* بىزنى ئۆزىنى لايىق رەۋىشتە تونۇپ، شۇنىڭغا لايىق قورقۇشقا، بۇيرۇقلىرىنى **ئىجرا قىلىش** ۋە توسقانلىرىدىن يېنىشقا چاقىرىدۇ. ھەمدە بۇ ئەمەللەرنى تا ۋاپات تاپقۇچە **داۋاملاشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.** چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ قاچان، قانداق ھالەتتە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش ئىسلامدا *ھارامدۇر*. ئەمما ئىنسان **ئىزچىل** بىر ھالەتتە بولسا، شۇ ھالىتىدە ۋاپات تاپىدۇ. شۇڭا ھەرۋاقىت *اللە*غا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىشىمىز، ئۇنىڭغا **كامىل** بويسۇنىشىمىز كېرەك.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

چاقىرىق ماھىيەت لوغەت ئىپادە لەرزىگە سېلىش ئەيمەنمەك تەڭ كەلمەك

www.uyghurkitap.com

جەزىم قىلماق      دۇچار بولۇش      ئېھتىيات قىلىش      جان پىدالىق بىلەن

چەكلىگەنلىرى      سۇسلۇق قىلىش      سەل قاراش      ئىجرا قىلىش      داۋاملاشتۇرۇش

تەۋسىيە قىلىش      ئىزچىل      كامىل

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

لايىق ______، ______      ______، ______ چاقىرىقى

ئىزچىل ______، ______      جان پىدالىق بىلەن ______، ______

چىن كۆڭلىدىن ______، ______      ______، ______ ئىپادىسى

4. مەنىداش سۆزلەرنى بىلىۋېلىڭلار ۋە پەرقلەندۈرۈپ جۈملە تۈزۈڭلار:

ئۈرۈنداش ـ بەجا كەلتۈرۈش ـ ئىجرا قىلىش      چەكلىمەك ـ توسماق

سۇسلۇق قىلماق ـ سەل قاراش      ئەيمىنىش ـ قورقۇش

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) تېكىستتە نەقىل قىلىنغان ئايەتتە، الله بىزنى نېمىگە بۇيرۇۋاتىدۇ؟

2) اللهغا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىش دېگەننىڭ نېمە؟

3) الله قانداق زات؟ (تېكىستتە كەلتۈرۈلگەن سۈپەتلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇڭ)

4) اللهنى لايىق رەۋىشتە تونىغان كىشىدە قانداق ئۆزگىرىش بولىدۇ؟

5) اللهغا تەقۋادارلىق قىلىشنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى قايسى؟

6) ئىنسان قانداق قىلىپ ئۆلۈش ھالىتىنى تاللىيالايدۇ؟

6. تېكىستتە ئۆگەنگەن مەزمۇنلارغا ئاساسەن، تەقۋادار كىشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

7. اللهغا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىش كىملەرگە بۇيرۇلغان بۇيرۇق؟ ئۇنى قانداق ئىجرا قىلىش كېرەك؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 8.ھەرۋاقىت اللەنى ئەسلەش




رەببىمىز اللەنىڭ بارلىق مۆئمىنلەرگە قارىتا يەنە بىر چاقىرىقى ھەر ۋاقىت اللەنى ئەسلەشتۇر. اللە مۇنداق دېگەن:«نامازدىن **فارىغ بولغىنىڭلاردا** ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان، ياتقان ھالىتىڭلاردا اللەنى ئەسلەڭلار»(سۈرە نىسا، 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئىنسان ھاياتى پائالىيەتلىرىدە يا ئۆرە تۇرىدۇ، يا ئولتۇرىدۇ، يا ياتىدۇ. ئىنسان بەدىنى **ئاساسى جەھەتتىن** مۇشۇ ئۈچ خىل ھالەتتە بولىدۇ. دېمەك، اللە بىزنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنى ئەسلەشكە بۇيرىدى. اللە باشقا ئايەتلىرىدىمۇ ئۆزىنى كۆپ ئەسلەشنى تەۋسىيە قىلغان. اللە ئەلۋەتتە بىزنى ناھايىتى پايدىلىق ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. ئۇنداقتا اللەنى ئەسلەشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟ بۇنى اللە ئوبدان بىلگۈچىدۇر. اللە بۇنىڭ بەزى ھېكمەتلىرىنى بىزگە بايان قىلىپ بەرگەن.

يۇقىرىقى ئايەتتە نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىنمۇ، اللەنى ئەسلەڭلەر، دېيىلىۋاتىدۇ. چۈنكى نامازدا بىز اللەنى ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە ئەسلىيەلەيمىز. اللە بىزنى نازادىن كېيىنمۇ مۇشۇ خىل روھىي ھالەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. اللە ناماز ھەقىقەتەن يامان، قەبىھ ئىشلاردىن توسىدۇ، دەپ **تەلىم بەرگەن.** چۈنكى نامازدا قەلب

www.uyghurkitap.com

اللەنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. اللەنىڭ ئايەتلىرىنى **تىلاۋەت قىلىش** ئارقىلىق اللەنىڭ بۇيرۇق ـ چەكلىمىلىرى ئەسلىنىدۇ. دېمەك، اللەنى ئەسلەش كىشىنى يامانلىقتىن، گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن توسىدۇ، اللەغا بولغان ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ.

الله ئىنساننى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا **تەكلىپ قىلىدۇ.** ئۇنداق بولسا بىر ئىنسان ھاياتىدا قانداق قىلىپ داۋاملىق اللەنى ئەسلەپ تۇرالايدۇ؟ اللەنى ئەسلەش قەلبتە بولىدۇ. قەلبىنىڭ ئۆز رەببىنى ھېس قىلىشى، ئۇنىڭ ھەرۋاقىت ئۆزى بىلەن بىرللە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى اللەنى ئەسلەشتۇر. قەلب اللەنى ئەسلىگەندە، چوقۇم اللەدىن ئەيمىنىدۇ ۋە ھايا قىلىدۇ، بۇ قەلب ئىگىسى اللەغا يۈزلىنىدۇ، اللەغا ئىتائەت قىلىدۇ، اللەغا ئاسىيلىق قىلىشتىن **ھەزەر قىلىدۇ.** قۇرئان ئوقۇش، دەۋەت، تەبلىغلەرگە **ئىشتىراك قىلىش**، اللەنى ئۇلۇغلايدىغان بەزى سۆزلەرنى ئېيتىش ھەم قەلبىگە اللەنى ئەسلىتىدىغان ئەمەللەردۇر. ئەمما اللەنى ئەسلەش مەلۇم بىر پائالىيەتكىلا چەكلەنمەيدۇ. بەلكى ئۇ قەلب ئويغاقلا بولىدىكەن، ھەرۋاقىت داۋاملىشىدۇ. ئويلاپ بېقىڭلار، بىر كىشىنىڭ قەلبى ئىزچىل الله بىلەن **مەشغۇل بولسا**، ئۇ قانداقمۇ اللەغا ئاسىيلىق قىلسۇن؟!

اللەنى ئەسلەشنى ئۆگىنىشنىڭ ئاددىي مەشىقى: «الله مەن بىلەن بىللە، الله ماڭا قاراپ تۇرغۇچىدۇر، قىلىۋاتقان ئىشمنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» دېگەن سۆزنى كۆڭىگە ئۈچ ۋاخ، ھەر ۋاختا ئۈچ قېتىم ئۆزىڭىزگە ئاڭلىتىپ سۆزلەڭ؛ بۇنى تاكى بىر ھەپتە داۋاملاشتۇرۇڭ؛ ئاندىن بۇ سۆزنى ھەر نامازدىن كېيىن ئۈچ قېتىم ئېيتىڭ؛ بۇنىمۇ بىر ھەپتە داۋاملاشتۇرۇڭ؛ ئاندىن كېيىنكى كۈنلەردە، بۇ سۆزنى ئېسىڭىزگە كەلگەن ھامان ئۈچ قېتىم ئىچىڭىزدە ئېيتىڭ يەنى دىلىڭىزدا ئەسلەڭ؛ بىر كۈندە قانچە كۆپ ئەسلىيەلىسىڭىز شۇنچە ياخشى. اللەنى مۇشۇ سۆز بىلەن ئەسلەشنى پۈتۈن ھاياتىڭىز

بۆيىچە داۋاملاشتۇرۇڭ.

## كۆنۈكمە

**1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.**

**2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:**

**فارىغ بولۇش  ئاساسى جەھەتتىن  تەلىم بىرىش  تىلاۋەت قىلىش  تەكلىپ قىلىش  ھەزەر قىلىش  ئىشتىراك قىلىش  مەشغۇل بولۇش**

**3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:**

**ھەرۋاقىت ______، ______  ھەر ______، ______**

**گۈزەل ______، ______  ______، ______ ھالەت**

**ياخشى ______، ______  ھەرقانداق ______، ______**

**4. جۈملە تۈزۈڭلار:**

**فارىغ بولۇش  ئاساسى جەھەتتىن  تەلىم بىرىش  ھەزەر قىلىش  ئىشتىراك قىلىش  مەشغۇل بولۇش**

**5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:**

**1) تېكىستتىكى نەقىل ئايەتتە الله بىزنى نېمىگە بۇيرىغان؟**

**2) نامازدا اللەنى ئەسلەش قانداق بولىدۇ؟**

**3) اللەنىڭ ئەسلەشنىڭ بىر ئەھمىيتى قايسى؟**

**4) اللەنى ئەسلەش مەلۇم ئىشلاردىلا بۇلامدۇ؟**

**5) اللەنى ئەسلەش قانداق بولىدۇ؟**

**6) اللەنى ئەسلەشنى ئۆگىنىشنىڭ ئاددىي مەشىقىنى بايان قىلالامسىز؟**

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**6. اللەنى ئەسلەشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى بايان قىلىڭلار.**

**7. تېكىستنىڭ ئاخىرىدا بېرىلگەن ئاددىي مەشقنى قوللىنىپ، اللەنى ئەسلەشنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىڭلار.**

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 9. الله يولىدا سەرپ قىلىش




**الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:«ئى مۆئمىنلەر! سىلەرئىرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار»(سۈرە بەقەرە، 267 ـ ئايەت).**

**«بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ ‹پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى (ئەجىلىمنى) بىر ئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم› دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزەڭلارغا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىڭلار» (سۈرە مۇنافىقۇن، 10 ـ ئايەت).**

**رەببىمىز الله يۇقىرقى ئايەتلەردە بىزنى ئۆزىنىڭ يولىدا سەرپ قىلىشقا چاقىرىۋاتىدۇ. ئايەتلەردە «سەدىقە قىلىڭلار» دەپ تەرجىمە قىلىنغان سۆز «انفقوا» بولۇپ، «سەرپ**

**قىلىش**، خەجلەش» دېگەن مەنىسى بار. دېمەك، الله بىزنى ئۆزى ئاتا قىلغان نېئمەتلەرنى ئۆز يولىدا سەرپ قىلىشقا بۇيرۇۋاتىدۇ. بىز ئاۋۋال بىز ئىرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالايلى. ھەممەيلەن بىلىدىغان بىر ھەقىقەت شۇكى، ھەممە ئىنسان ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن **قۇرۇق قول** تۇغۇلىدۇ، ئۆلگەندىمۇ يەنىلا قۇرۇق قول قايتىدۇ. ئۇنداقتا ئىنسان بۇ دۇنيادا ئىرىشكەن نەرسىلەر قەيەردىن كەلگەن؟ ئۇنىڭغا كىم **ۋارىسلىق قىلىدۇ**؟ ئەلۋەتتە بىز پايدىلىنىۋاتقان، مەنپەئەتلىنىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى الله ياراتقان، بىز مۇشۇ نەرسىلەردىن مال ـ دۇنيا توپلايمىز. دېمەك، بىز ئىرىشكەن بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەقىقى ئىگىسى ئۇلارنى ياراتقان اللەدۇر. شۇڭا الله بىز ئىرىشكەن نەرسىلەرنى قانداق سەرپ قىلىشتا بىزگە كۆرسەتمە بېرىشكە ئەلۋەتتە **ھەقلىقتۇر**.

الله بىزگە ئاتا قىلغان نەرسىلەردىن مىسكىن، پېقىرلارغا **خەير ـ ئېھسان** قىلىشقا، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلارغا بېرىشكە، **مۇساپىرلارنىڭ** يۇرتىغا قايتىۋېلىشىغا بېرىشكە، قەرزدارنىڭ قەرزىنى قايتۇرىشىغا ياردەم بېرىشكە، الله يولىغا يەنى الله يولىدا جىھاد قىلىشقا، دەۋەت قىلىشقا سەرپ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. الله ناھايىتى كەرەملىك زاتتۇركى، ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان بۇ تەرەپلەرگە پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنى ئۆزىگە قەرز بەرگەنلىك دەپ ئاتىدى. الله يولىدا سەرپ قىلغۇچىغا الله ئۇنىڭ سەرپ قىلغىنىنى نەچچە ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ. الله سەرپ قىلىنىدىغان نەرسىلەرنى پەقەت پۇل ـ مالغىلا **چەكلەپ قويمىدى**. بەلكى الله بۇيرىغان تەرەپلەرگە **جىسمانىي** كۈچ، ياخشى مۇئامىلە، ئەقلىي ئىقتىدارلارنى سەرپ قىلىشنىڭ ھەممىسىنى ئۆز يولىدا سەرپ قىلىش دەپ قوبۇل قىلدى. دېمەك، ھېچبىر مۆئمىن الله يولىدا سەرپ قىلىشتىن **مەھرۇم قالمايدۇ**.

## كۆنۈكمە

1. تېكستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

سەرپ قىلىش  قۇرۇق قول  ۋارىسلىق قىلىش  ھەقلىق  خەير ـ ئېھسان

مۇساپىر  جىسمانىي  چەكلەپ قويماق  مەھرۇم قالماق

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

قۇرۇق قول ______، ______  ______، سەدىقە ______

جىسمانىي ______، ______  ئەقلىي ______، ______

ھەسسىلەپ ______، ______  ______، ______ مۇئامىلە

4. جۈملە تۈزۈڭلار:

سەرپ قىلىش  قۇرۇق قول  ۋارىسلىق قىلىش  ھەقلىق  مۇئامىلە

مەھرۇم قالماق

5. تېكستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) تېكستتىكى نەقىل ئايەتلەردە اللە بىزنى نېمىگە بۇيرۇيدۇ؟

2) ئىنسان ھاياتىدا ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەقىقى ئىگىسى كىم؟

3) نېمە ئۈچۈن ئىنسان ئۆزى ئېرىشكەن نەرسىلەرنى خالىغانچە بۇزۇپ ـ چاچسا بولمايدۇ؟

4) اللە بىزنى قايسى ئىشلارغا سەرپ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؟

5) اللە يولىدا سەرپ قىلىنغان نەرسىلەرنى اللە نېمە دەپ ئاتايدۇ؟ ئۇنى ئىگىسىگە قانداق قايتۇرىدۇ؟

6) اللە يولىدا سەرپ قىلىنىدىغان نەرسىلەرگە نېمىلەر كىرىدۇ؟

6. اللەنىڭ ئىنسان ئېرىشكەن نەرسىلەرنى قانداق سەرپ قىلىشقا كۆرسەتمە بېرىش

ھەققىنىڭ بارلىقىنى چىقىش نوقتىسى قىلىپ، الله يولىدا سەرپ قىلىشقا دەۋەت قىلىڭلار. ئاۋۋال سىنىپتا سۆزلەڭلار، ئاندىن قايتىپ بارغاندا ئائىلەڭدىكىلەرگە يەتكۈزۈڭلار.

7. سىلەردە ھازىرنىڭ ئۆزىدە الله يولىدا سەرپ قىلالايدىغان قانداق نەرسىلەر بار؟ ئۇلارنى الله يولىدا سەرپ قىلىۋاتامسىلەر يوق؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشىق باغچىسى

**1. تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈڭلار.**

«ئى مۆئمىنلەر، اللهغا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ۋاپات بولۇڭلار»(سۈرە ئالئىمران، 102 ـ ئايەت).

«نامازدىن **فارىغ بولغىنىڭلاردا** ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان، ياتقان ھالىتىڭلاردا اللەنى ئەسلەڭلار»(سۈرە نىسا، 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

«بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ ‹پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى (ئەجىلىمنى) بىر ئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم› دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزەڭلارغا رىزىق قىلىپ بىرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىڭلار» (سۈرە مۇنافىقۇن، 10 ـ ئايەت).

**2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداش سۆزلىرىنى يېزىڭلار:**

ئورۇنداش ________ چەكلىمەك ________

سۇسلۇق قىلماق ________ ئەيمەنمەك ________

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

تەلىم بېرىش ______ ئىشتىراك قىلىش ______

قارىماق ______ سەرپ قىلىش ______

2.سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

لايىق ______، ______ جان ـ دىل بىلەن ______، ______

ئىزچىل ______، ______ ھەر ______، ______

گۈزەل ______، ______ ھەرقانداق ______، ______

قۇرۇق قول ______، ______ ھەسسىسىلەپ ______، ______

3. جۈملە تۈزۈڭلار:

سۈسلۇق قىلماق  ئەيمىنىش  فارىغ بولۇش  تەلىم بېرىش  ھەزەر قىلىش

ئىشتىراك قىلىش  قۇرۇق قول  ۋارىسلىق قىلىش  مۇئامىلە  مەھرۇم قىلىش

4. تەپەككۇر مەشقى

ئاللەنىڭ قانۇنىيىتىدە مەلۇم بىر ئىش يەنە بىر ئىشنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بىز سەۋەب بولغان بۇ ئىشنى سەۋەب، مەيدانغا كەلگەن ئىشنى نەتىجە دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن، ئاللەنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە قۇدرىتىنى ھېس قىلىشتىن ئاللەتىن قورقۇش ۋە ئەيمىنىش مەيدانغا كېلىدۇ، ئاللەنى تونۇش بولسا سەۋەب، ئاللەتىن قورقۇش بولسا نەتىجىدۇر. تاماق يېسەك، قورساق تويىدۇ. تاماق يېيىش سەۋەب بولسا، قۇرساق تويۇش نەتىجە بولىدۇ.

ئەمدى سىلەر تۆۋەندىكى ھادىسىلەرنى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى بويىچە تۇتاشتۇرۇڭلار:

قوياش چىقسا  مۇزلار ئېرىيدۇ.

ھاۋا ئىسسىسا  بىلىملىك بولىدۇ.

ئادەم ناماز ئوقۇسا  ئاللەتىن قورقىدۇ.

ئادەم ئاللەنى تونسا زېمىن يۇرۇيدۇ.

ئادەم بەدەن چېنىقتۇرسا گۇناھتىن يىراق بولىدۇ.

ئادەم تىرىشىپ ئۆگەنسە ساغلام بولىدۇ.

تۆۋەندىكى ھادىسىلەرنىڭ سەۋەب ياكى نەتىجىسىنى تولدۇرۇڭلار:

| *نەتىجە* | *سەۋەب* |
| --- | --- |
| | ئاللە يولىدا سەدىقە قىلسا |
| ئاللە بىللە بولىدۇ | |
| | ئاللەنى ئەسلىسە |
| ئاللە ياخشى كۆرىدۇ | |
| | ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلسا |
| زېمىننى قاراڭغۇلۇق باسىدۇ | |
| | قىش كىرگەندە |

5. پىكىر بايان قىلىڭلار.

1) قانداق ئىنسان ئاللەتىن قورقىدۇ؟ ئاللەتىن قورققان كىشىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟

2) ئاللەنى ئەسلەشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟ ئىنسان قانداق ئۇسۇلدا ھەرۋاقىت ئاللەنى ئەسلىيەلەيدۇ؟

3) ئاللە نېمە ئۈچۈن بىزنى پۇل ـ ماللىرىمىزنى ئۆز يولىدا سەرپ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# ساغلام قەلب

**4 ـ بۆلەك**




رەببىمىز الله ئۆز كالامىدا مۇنداق دېگەن:«ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، پەقەت (اللهنىڭ دەرگاھىغا) ساغلام قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزىلىدۇ» (سۈرە شۇئەرا، 88 ـ 89 ـ ئايەتلەر). ساغلام قەلب اللهنىڭ ئەمر ـ پەمانلىرىغا قارشى كېلىدىغان ھەرقانداق ئارزۇ ـ ھەۋەستىن، اللهنىڭ خەۋەرلىرىگە زىت كېلىدىغان بارلىق شۈبھىلەردىن ساغلام قالغان قەلبتۇر. دېمەك، ساغلام قەلب الله ياخشى كۆرىدىغاننى ياخشى كۆرىدىغان، الله يامان كۆرگەننى يامان كۆرىدىغان، نەپسى خاھىشىنىڭ ئىسكەنىسىدىن قۇتۇلغان قەلبتۇر. ئىنساننىڭ قەلبىمۇ جىسمىغا ئوخشاش ساغلام ياكى كېسەل بولىدۇ. ساغلام قەلبنى يۇقىرىدا چۈشەندۈردۇق. كېسەل قەلب بولسا، اللهنىڭ خەۋەرلىرىگە، ۋەدىسىگە شەك ـ شۈبھە قىلىدىغان، نەپسى ـ خاھىشىغا ئەگىشىدىغان قەلبتۇر. قەلب كېسەللىرىدىن كىبىر، ھەسەد، ئۆچ ـ ئاداۋەت قاتارلىقلار بار. بىز بۇ بۆلەكتە الله خالىسا، مۇشۇ قەلب كېسەللىرىدىن خالاس

بولۇش ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتىمىز ۋە شۇ ھەققىدىكى ئەمەلىي ئۆرنەكلەردىن مىسال كەلتۈرىمىز.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 10. ئاللاھقا كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنۇش



ئومۇق قېرىنداشلار، سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارنىڭ ئاللاھقا شۇنچە بېرىلىپ ئىبادەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى مىساللارنى كۆپ ئاڭلىغانسىلەر، سىلەر بۇنىڭ سەۋەبى توغرىلىق ئويلىنىپ باقتىڭلارمۇ؟ ئەينى دەۋردىكى قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئاللاھنىڭ مەنىسى شۇنچە ئۇچۇق، مەزمۇنى تولىمۇ ئۇرۇنلۇق ئايەتلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرگە قاتتىق ئەرزىيەتلەرنى بەرگەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر ئاللاھقا كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنغۇچىلار ئىدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ قەلبلىرىدە كىبىر بار ئىدى.

الله ئىنسانلارنى جاھىلىيەت زۇلمەتلىرىدىن ئىسلامنىڭ نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى نازىل قىلدى. الله قۇرئان ئايەتلىرىدە ئىنساننىڭ يارىتىلىشى، ئىنساننىڭ رىزقى، ئاسمان ـ زېمىننىڭ سەلتەنىتى ھەققىدە سۆزلەپ، ھەقىقەتەنمۇ ئاسمان ـ زېمىننىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ بىرلا رەببى بارلىقى، شۇ رەببىنىڭلا ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. قۇرئان ئايەتلىرى يەنە مۇنۇلارنى چۈشەندۈردى: ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ بەندىلىرىدۇر، ھېچقايسىسى ھېچقايسىسىدىن ئۈستۈن ئەمەس، اللەنىڭ ئالدىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ئىنسان اللەغا ئەڭ كەمتەرلىك قىلغان، ئەڭ تەقۋادار ئىنساندۇر. بۇنى ئاڭلىغان قەلبى كىبىر، ھەسەدتىن پاك بولغان ئەقىل ئىگىلىرى بۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار ئۆزىدىن نامراتلارغا، قۇللارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلدى. اللەنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغانلىرىدىن ـ اللەغا شۈكرى ئېيتىش يۈزىسىدىن ـ ئۇلارغا بەردى. ھاكاۋۇر قۇرەيش كاتتىلىرى قۇرئاننىڭ دەۋەتلىرىنى ياقتۇرمىدى. ئۆزلىرىنى نامراتلار ۋە قۇللار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا رازى بولۇشمىدى. ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە كىبىر بولغاچقا اللەنىڭ ئايەتلىرىگە قارشى چىقتى، الله ۋە رەسۇلى بىلەن قارشىلاشتى.

ئىبلىسنىڭ اللەنىڭ دەرگاھىدىن قوغلىنىش سەۋەبى ئۇنىڭ كىبىر كۆرسەتكەنلىكىدۇر. ئىبلىس ھېچ ئاساسسىزلا ئۆزىنى ئادەمدىن ئارتۇق ھېسابلاپ، اللەنىڭ ئەمرىدىن باش تارتتى. ئەمەلىيەتتە ھەربىر كافىر ئىبلىسنىڭ ئەگەشكۈچىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قەلبلىرىدە كىبىر بار. الله تەرىپىدىن يارىتىلغان، اللەغا مۇھتاج بولغان ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان جىن ۋە ئىنسانلار نېمە دەپ اللەغا بويسۇنمىسۇن؟! كىمكى قەلبى ساغلام ئەقىل ئىگىسى بولسا، ئەلۋەتتە بۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى اللەنىڭ تائەتىگە بېغىشلايدۇ. كىمكى ئاساسسىز ھالدا ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىكەن، كىبىرلىك قىلىدىكەن، ئىبلىسقا ئەگەشكۈچى بولۇپ، جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدۇ.

## كۆنۈكمە

1. تېكستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنداش ۋە قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار:

مەنداش قارشى مەنىلىك

كەمتەرلىك:______،______ ياقتۇرۇش :______،______

هەق :______،______ قوبۇل قىلىش :______،______

بويسۇنۇش :______،______ ئۇستۇن :______،______

3. جۈملە تۈزۈڭلار:

بېرىلىش سەلتەنەت قارشىلىشىش كىمكى...كىمكى... كىبىر ئۆزنى بېغىشلاش

4. تېكستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋە ساهابىلەرنىڭ ئاللاغا شۇنچە بېرىلىپ ئىبادەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

2) قۇرەيش كاتتىلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە قارشى تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

3) ئاللاھ قۇرئاننى نېمە ئۈچۈن نازىل قىلدى؟ ئۇنىڭدا قايسى ھەقىقەتنى چۈشەندۈردى؟

4) قۇرئاندا ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى قانداق بەلگىلىدى؟

5) قۇرەيش كاتتىلىرى نېمە ئۈچۈن دەۋەتكە قارشى چىقتى؟

6) ئىبلىس نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن قوغلانغان؟

7) ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى ۋە كىبىرلىك قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

www.uyghurkitap.com

5. تېكىستنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە؟

6. كىبىر ۋە چوڭچىلىق ئىنسانغا لايىقمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ كىبىر ۋە چوڭلۇق كىمگە خاس؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 11. ھەسەد ـ ئوتتۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:«ھەسەد ئوتتۇر، خۇددى ئوت ئوتۇننى كۆيدۈرىۋەتكەندەك، ھەسەد ياخشى ئەمەللەرنى كۆيدۈرىۋېتىدۇ» دېگەن. چۈنكى كىشى ھەسەد قىلىش ئارقىلىق ھەقتىن چەتنەيدۇ، اللەنىڭ تەقدىرىگە نارازى بولىدۇ. ھەسەد يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداشلىقىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ۋەھيي كېلىشتىن بۇرۇن، ئاخىرقى پەيغەمبەر بىزنىڭ مىللىتىمىزدىن چىقىدۇ، دەپ قارايتتى. بۇ پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىنى توت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتەتتى. الله ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئاخىرقى پەيغەمبەرنى ئەرەب مىللىتىدىن تاللىدى. يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدىكى بېشارەتلىرى بۇيىچە، ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇشتى. ئەمما ئەرەب مىللىتىدىن بولغان پەيغەمبەرگە ھەسەد قىلىش يۈزىسىدىن، بىلىپ تۇرۇپ اللەنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتمىدى. اللەغا ۋە رەسۇلىغا قارشى تۇردى. گەرچە يەھۇدىيلار اللەنى بىلسىمۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ھەقكە ئەگەشمىگەچكە، الله ئۇلارنى كافىر دەپ ھۆكۈم قىلدى. يەھۇدىيلار پەيغەمبەرگە ھەسەد قىلىش ئارقىلىق، اللەنىڭ خالىغان كىشىنى پەيغەمبەرلىككە تاللاشتىن ئىبارەت تەقدىرىگە نارازىلىق بىلدۈرۈشتى. ئۇلار ھەقىقەتەن كافىر بولۇشتى، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى. ئۇلارنىڭ بىلگەنلىرى، كىتابلىرىدىن ئوقۇغانلىرى

ھېچنىمىگە ئەسقاتمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسالام «سىلەر مۆئمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆز ـ ئارا ياخشى كۆرۈشمىگۈچە مۆئمىن بۇلالمايسىلەر» دېگەن. ئەگەر مۆئمىنلەر بىر ـ بىرىگە ھەسەد قىلىشسا، قانداقمۇ ئۆز ـ ئارا ياخشى كۆرۈشەلىسۇن؟! الله مۆئمىنلەرگە بۇ دۇنيادا خالىغان كىشىگە كەڭ، خالىغان كىشىگە تار رىزىق بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن. بۇ دۇنيادا بېرىلگەن نېئمەتلەر ۋە مۇسىبەتلەر ئوخشاشلا سىناقتۇر. اللەغا چىن ئىشىنىدىغان مۆئمىن اللەنىڭ رىزىق بېرىش تەقدىرىگە ئەلۋەتتە رازى بولىدۇ. باشقىلارغا بېرىلگەنگە كۆز قىزارتمايدۇ، ئۆزىگە اللەتىن مەڭگۈلۈك نېئمەت بولغان جەننەتنى تىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسالام:«پەقەت ئىككى كىشىدىن باشقىسىغا ھەۋەس قىلىشقا بولمايدۇ، بىرى الله پايدىلىق ئىلىم ئاتا قىلغان، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان ۋە باشقىلارغا ئۆگەتكەن كىشى، الله مال ئاتا قىلغان، ئۇنى الله يولىدا سەرپ قىلغان كىشى» دېگەن. شۇڭا بىز دۇنيالىق نەرسىلەرگە قىزىقماي، ئاخىرەتتە مەنپەئەت بېرىدىغان نەرسىلەرگە قىزىقىشىمىز كېرەك. اللەنىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغانلىرىغا چىدىماي، اللەغا نارازىلىق قىلماسلىقىمىز، بەلكى اللەنىڭ پەزلىدىن تىلىشىمىز، اللەغا شۈكرى ئېيتىشىمىز كېرەك.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار:

ئاخىرقى ______ رازى بولۇش ______ چەتنەش ______

كافىر ______ زىيان تارتىش ______ نېئمەت ______

www.uyghurkitap.com

3.جۈملە تۈزۈڭلار:

هەسەد    تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈش    ...بولمىغۇچە ...بولالمايسىلەر ...قىلماستىن،بەلكى...كېرەك

4.تېكستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەدنى نېمىگە ئوخشاتقان؟ نېمە ئۈچۈن؟

2) ھەسەدنىڭ قانداق زىيىنى بار؟

3) يەھۇدىيلار نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىن بىلىپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتمىدى؟

4) يەھۇدىيلارنىڭ بۇ قىلمىشى ئۇلارنى قايسى ئاقىۋەتكە دۇچار قىلدى؟

5) مۆئمىنلەر ھەسەد قىلىشسا قانداق زىيان تارتىدۇ؟

6) بىر مۆئمىنىنىڭ دۇنيالىق نەرسىلەر ئۈچۈن ھەسەد قىلىپ يۈرىشى توغرىمۇ؟

5. تېكستنىڭ مەزمۇنىدىن پايدىلىنىپ، ھەسەدنىڭ قانداق يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بايان قىلىڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 12. گۇماننىڭ ئاقىۋىتى

سۆيۈملۈك رەببىمىز اللە بىزنى گۇمانغا ئەگىشىپ زىيان تارتماسلىقىمىز ئۈچۈن «كۆپلىگەن گۇمانلاردىن يىراق بولۇڭلار، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر»(سۈرە ھۇجۇرات،12 ـ ئايەت) دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بىزنى گۇماندىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇپ، «گۇماندەك يالغان نەرسە يوق»دېگەن. گۇمان شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچ ئاساسى يوقتۇر. شۇڭلاشقا گۇمانغا ئەگىشكەنلەر خاتالىشىپ

قالدۇ. ھەقىقەت ئەھلى گۇمانغا ئەگەشمەسلىكى كېرەك، قېرىنداشلىرى ھەققىدە يامان گۇمان قىلماسلىقى كېرەك، ئەگەر كۆڭلىگە گۇمان كىلىپ قالسا، قېرىنداشلىرى ھەققىدە ياخشى گۇمان قىلىشى كېرەك. يامان گۇمان ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشنىڭ قاباھەتلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىغا تۆۋەندىكى ھېكايەت ياخشى مىسال بولالايدۇ.

بۇرۇنقى زاماندا بىر جۈپ ئاكا ـ ئۇكا بار ئىكەن. ئۇلار كىچىكىدىلا ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قالغان ئىكەن. ئۇ ئىككەيلەن ھەركۈنى دەرياغا بېرىپ بېلىق تۇتۇپ كېلىپ، قۇرسىقىنى توقلايدىكەن. ئۇلار بىر كۈندە پەقەت بىرلا بىلىق تۇتالايدىكەن. ئاكىسى بېلىقنى قايىنىتىپ پىشۇرۇپ، كاللىسىنى ئۆزى يەپ، قۇيرۇق تەرىپىنى ئىنىسىگە بىرىدىكەن.

كۈنلەر مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپتۇ. ئىنىسى ئاكام نېمىشقا بېلىقنىڭ چوڭ قىسمى بولغان كاللىسىنى ئۆزى يەپ، ماڭا كىچىك قۇيرۇق تەرىپىنى بىرىدىغاندۇ، دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بۇ شۈبھىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىشقا باشلاپتۇ: ئاكاڭ سېنى بوزەك ئېتىپ، بېلىقنىڭ چوڭ تەرىپىنى ئۆزى يەپ، ساڭا كىچىك تەرىپىنى بىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنىسىنىڭ كۆڭلىدە ئاكىسىغا نىبەتەن نارازىلىق قوزغىلىپتۇ، ئەمما ئۇچۇق ئىپادىلىمەپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئاكا ئىنىسىگە داۋاملىق قۇيرۇق تەرىپىنى بىرىدىكەن، ئۆز بولسا باش قىسمىنى يەيدىكەن، ئىنىسىگە بىرەر قېتىممۇ باش قىسمىنى بىرىپ باقماپتۇ. ئىنىسىمۇ ئاكىسىدىن خىجىل بولۇپ، باش تەرىپىنى يېگۈسى بارلىقىنى دىمەپتۇ. ئەمما ئىنىسىنىڭ كۆڭلىدىكى نارازىلىق بارغانچە كۈچىيىپ، دۈشمەنلىككە ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. شەيتان يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىگە ۋەسۋەسىلىرىنى تاشلاشقا باشلاپتۇ: كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاكاڭ كۈندە بېلىقنىڭ چوڭ تەرىپىنى يەپ، كۈندىن كۈنگە سەمرىپ، قاۋۇللىشىپ كىتىپ بارىدۇ، سەن بولساڭ كىچىككىنە قۇيرۇق تەرىپىنى يىگەچكە،

www.uyghurkitap.com

كۆندىن كۈنگە ئاجىزلىشىپ ئۆرۈۋقلاپ كىتىۋاتىسەن، بۇنداق كىتىۋەرسەڭ بولمايدۇ، بۇنىڭغا چوقۇم بىر ئامال قىلىشىڭ كېرەك...

ئىنىسىنىڭ سەۋرى قاچىسى ئاخىرى بىر كۈن تېشىپتۇ. ئاكىسى پىشقان بىلىقنى سۇزۇپ، پارچىلىماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئىنىسى ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، چاندۇرماستىن بىر پارچە تاشنى ئېلىپ، ئاكىسىنىڭ بېشىغا زەربە بىلەن ئۇرۇپتۇ. ئاكىسىغا اللىنىڭ قازاسى يېتىپ، شۇ يەردىلا جان تەسلىم قىپتۇ. ئىنىسى بولسا «ئەمدى بېلىقنىڭ بېشىنى يېيەلەيدىغان بولدۇم» دەپ سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ. ئۇ مەقسىتىگە يېتىپ، بېلىقنىڭ بېشىنى يەپتۇ. ئەمما ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن نادامەت ياشلىرى تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. چۈنكى بېلىقنىڭ بېشى ناھايتى تەمسىز، گۆشىنىڭ تايىنى يوق ئىكەن. ئەسلىدە ئاكىسى ئىنىسىغا كۆيۈنۈپ، گۆشلۈك ۋە تەملىك بولغان قۇيرۇق تەرىپىنى ئۇنىڭغا بەرگەنىكەن. ئۆزى بولسا تەمسىز، چوڭ ئۇستىخانلىق باش قىسمىنى يەپ كەلگەنىكەن. ئىنىسى ئاكىسىغا يامان گۇمان قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ياخشىلىققا يامانلىق قايتۇرغان ئىدى. بىچارە ئىنىسى ئاكىسىنىڭ قان ئېقىۋاتقان بېشىنى قۇچاقلاپ، قاتتىق پۇشايمان قىلىپ يىغلاپتۇ. ئەمما بولۇپ بولغان ئىش ئورنىغا كەلمەپتۇ.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنداش ياكى قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار:

| مەنداش سۆزلەر | | قارشى مەنىلىك سۆزلەر | |
|---|---|---|---|
| گۇمان ــــــ | گۇناھ ــــــ | چوڭ ــــــ | ياخشى ــــــ |
| ئوچۇق ــــــ | خىيال ــــــ | يالغان ــــــ | دۈشمەنلىك ــــــ |

جان تەسلىم قىلىش ـــــــ       سەمىرىش ـــــــ       قاۋۇل ـــــــ

نادامەت ـــــــ   داۋاملىق ـــــــ   تەملىك ـــــــ   گۆشلۇك ـــــــ

3.جۈملە تۈزۈڭلار:

قاباھەتلىك   شۈبھە   خىجىل بولماق   چاندۇرماستىن   نادامەت   ئىختىيارسىز

4.تېكستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىزنى گۇماندىن توسۇپ نېمە دېگەن؟

2) گۇمانغا ئەگەشكەندە قانداق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

3) ھېكايىدىكى ئاكا ـ ئۇكا قانداق تۇرمۇش كەچۈرەتتى؟ بىلىقنى ئۇلار قانداق تەقسىملەپ يەيتتى؟

4) ئىنىسى ئاكىسىنىڭ تەقسىماتىدىن نېمە ئۈچۈن نارازى بولدى؟ سىزنىڭچە ئۇنىڭ نارازى بولىشى توغرىمۇ؟

5) ئىنىسى بېلىقنىڭ بېشىنى يېيىش ئۈچۈن قانداق قىلدى؟ بۇنداق قىلىشغا نېمە سەۋەبچى بولدى؟

6) ئىنىسى بېلىق بېشىنى يەپ نېمىنى چۈشەندى؟ قانداق قىلدى؟

5. بۇ ھېكايىدىن قانداق ئىبرەت ئالدىڭلار؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشىق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاڭلار:

ساغلام قەلب، قەلب كىسەللىرى، ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ سەلتەنىتى، اللهنىڭ تەقدىرى

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداش سۆزلىرىنى يېزىڭلار:

ياقتۇرۇش ______ بويسۇنۇش ______ كىبىر ______

ئۇستۇن ______ ئوچۇق ______ جان تەسلىم قىلىش ______

گۇمان ______ نادامەت ______ كۆيۈمچان ______

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار:

ھەق ______ ئاخىرقى ______ كەمتەرلىك ______ سەمرىش ______

قوبۇل قىلىش ______ رازى بولۇش ______ دۈشمەنلىك ______

4.جۈملە تۈزۈڭلار:

بېرىلىش سەلتەنەت كىبىر كىمكى...كىمكى... تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈش ...بولمىغۇچە...بولالمايسىلەر قاباھەتلىك شۇبھە چاندۇرماستىن نادامەت

5.ھىكايە يېزىش

ئادەم ۋە ۋەقەلىكلەرنى ئەدەبىي ئۇسۇلدا تەسۋىرلەپ بايان قىلىش ئارقىلىق، مەلۇم بىر تېمىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان قىسقا ھەجىمدىكى نەسرىي ئەسەرنى ھىكايە دەپ ئاتايمىز. «گۇماننىڭ ئاقىۋىتى» ناملىق تېكىستتە بايان قىلىنغان ۋەقەلىك بىر كىچىك ھىكايە ھېسابلىنىدۇ. ھىكايىدىكى ئادەم ۋەم ۋەقەلىك رېئال تۇرمۇشتىن ئېلىنىپ، مەلۇم ئۆزگەرتىشلەر ئارقىلىق ئەدەبىيلەشتۈرىلىدۇ. شۇڭا ھىكايىنىڭ بەدئىيلىكى يەنى تۇقۇلمىلىقى بايان ماقالىسىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. ھىكايە ھەجىمى قىسقا، تىلى ئەدەبىي، ۋەقەلىكى تەسىرلىك بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن كىتابخانلار ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئەدەبىي ئەسەردۇر. سىلەرمۇ ھىكايە ئوقۇشقا ئامراقمۇ؟

ئەمدى تېكىستتىكى ھىكايىنى ئۈلگە قىلىپ، تۆۋەندىكى تېمىلارنىڭ بىرىنى تاللاپ، بىر پارچە ھىكايە يېزىڭلار:

1) كەمتەرلىكنىڭ پەزىلىتى ۋە ھاكاۋۇرلۇقنىڭ زىيىنى.

2) ھەسەدخورلۇقنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى

3) يالغانچىلىقنىڭ ناھايىتى يامان ئىللەت ئىكەنلىكى

**6. پىكىر بايان قىلىڭلار**

1) ساغلام قەلب ئىگىسى قانداق بولىدۇ؟دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قانداق ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ؟

2) قەلب كېسەللىرىنىڭ يامان ئاقىۋىتى

3) قانداق قىلغاندا كىبىر، ھەسەد ۋە يامان گۇماندىن خالاس بولغىلى بولىدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىڭ ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# تىلنىڭ زىننىتى

**5 ـ بۆلەك**




الله تەئالا بىز ئىنسانلارغا ناھايىتى قىممەتلىك بىر نىئمەت ئاتا قىلغان. بۇ نىئمەت بولسا تىلدۇر. تىل دىگەندە، ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ كۆز ـ قاراشلىرى، ئوي ـ پىكىرلىرىنى باشقىلار چۈشىنەلەيدىغان تاۋۇشلار يىغىندىسى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش قابىلىيىتىنى كۆزدە تۇتىمىز. الله بىزگە بۇ نىئمەتنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېگەن:«ئىنساننى ياراتتى، ئۇنىڭغا سۆزلەشنى ئۆگەتتى». بىز مەنەلارنى مۇئەييەن تەرتىپتىكى تاۋۇشلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ناھايىتى ئۇنۇملۇك ئالاقە قىلالايمىز. باشقىلارغا ئۇلار ئويلاپ باقمىغان، بىلمىگەن نەرسىلەرنى تىل ئارقىلىق بىلدۈرىمىز. تىل ئارقىلىق ھېسياتىمىزنى ئىپادىلەيمىز، تىل ئارقىلىق تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىمىزنى بىلدۈرىمىز. تىل ئىنسانلارنىڭ ناھايىتى مۇھىم بولغان ئالاقە قورالىدۇر. گۈزەل سۆز كىشىدە گۈزەل تەسىرلەرنى پەيدا قىلسا، يامان سۆز كىشىدە يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا اللهنىڭ بۇ بۈيۈك نىئمىتىگە شۈكرى ئېيتىش يۈزىسىدىن تىلىمىزنى ياخشى سۆز بىلەن زىننەتلەپ، يامان سۆزلەردىن پاكىز تۇتۇشىمىز كېرەك.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 13. ياخشى سۆز



رەببىمىز الله سۆز ھەققىدە بىزگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن :« ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ،الله غا دەۋەت قىلغان ھالدا مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك كىشى بارمۇ؟»(سۈرە فۇسسىلەت، 33 ـ ئايەت). «ئى مۆئمىنلەر، اللەتىن قورقۇڭلار، توغرا سۆز قىلىڭلار» (سۈرە ئەھزاب). «بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ياخشى سۆز قىلسۇن، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە قوزغايدۇ، شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر» (سۈرە بەنى ئىسرائىل، 53 ـ ئايەت).

ھېكمەتلىك الله بىزگە سۆزلەش نېئمىتى ئاتا قىلىپلا قالماي، ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش كۆرسەتمىسىنى ھەم بەردى. الله بىزنى ياخشى، توغرا سۆز قىلىشقا بۇيرىدى. ياخشى سۆزنىڭ ئەۋزىلى ھەقىقەتنى بايان قىلىشتۇر. يەنى الله يولىغا دەۋەت قىلىش، اللەنى ئەسلەش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتۇر. بۇ تۈردىكى سۆزلەر سۆزلەرنىڭ ئەڭ راستى، ئەڭ گۈزەللىرىدۇر. ئىنسان قەلبى بۇ خىل سۆزلەردىن ئوزۇق ئېلىپ ياشنايدۇ، غەپلەت ئۇيقۇلىرىدىن ئويغىنىدۇ، رەزىللىكتىن يىرگىنىپ، ئۇنىڭدىن يىراق بولىدۇ. بۇ تۈردىكى سۆزلەر اللەنىڭ ئىزنى بىلەن كىشىلەرنى ھىدايەتكە

باشلايدۇ، قەلبلىرىگە ئىمان شامىنى ياقىدۇ، شەيتانغا ئوق بولۇپ تېگىدۇ. اللەنىڭ كالامى بولغان قۇرئان بۇ تۆردىكى سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسىدۇر. ئەلۋەتتە، ئەقلىمىز قۇرئاندىن توغرا كۆرسەتمىگە ئېرىشسە، قەلبىمىز قۇرئاندىن شىپاغا ۋە ئوزۇققا ئېرىشىدۇ.

ياخشى سۆزلەردىن يەنە ھەقلىق كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان سۆزلەر بار. مەسىلەن، ئاتا ـ ئانىسىغا، پەرزەنتىكە، جۆرىسىگە، قېرىنداشلىرىغا، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىغا، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ئېيتىلغان يېقىملىق، مېھىر ـ مۇھەببەتلىك سۆزلەر سەدىقىدۇر. چۈنكى ئۇلارغا ئېيتىلغان ياخشى سۆزلەرنىڭ تەسىرى ماددىي سەدىقىدىن ھەرگىز تۆۋەن ئەمەس. سەمىمى، يېقىملىق سۆزلەر يېقىن كىشىلىرىمىزگە بىزدىن ئىللىق مۇھەببەت ھېس قىلدۇرىدۇ. الله بىزنىڭ ئارىمىزغا سالغان مېھىر ـ مۇھەببەتكە شۈكرى ئېيتىش ۋە ئۇنى قەدىرلەش يۈزىسىدىن يېقىن كىشىلىرىمىزگە ئىللىق مۇئامىلە بىلەن يېقىملىق سۆزلەرنى قىلىشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر. ياخشى سۆزلەردىن يەنە باشقىلارغا ئىلىم ئۆگىتىش، سورىغانلىرىغا جاۋاب بېرىش، ئارازلىشىپ قالغان قېرىنداشلىرىمىزنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆزلەر...قاتارلىقلار بار. ئىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن سۆزلەش ئەمەلىيەتتە ياخشى سۆزلەرنىڭ ئەۋزىلىنىڭ ئەھمىيتى ۋە ئۇنۇمىگە خىزمەت قىلىدۇ. ئىلىم ئۆگەنگەندە، بىلگىلى، چۈشەنگىلى، ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئىلىم ئۆگىنىش نەتىجىسىدە اللەنىڭ چاقىرىقلىرىنى بىلىپ، چۈشىنىپ ئاۋاز قوشقىلى بولىدۇ. ھاجەتمەنلەرگە جاۋاب بېرىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەش ئۈچۈن سۆزلەش سەل قاراشقا بولمايدىغان ياخشى ئەمەللەردىندۇر. بۇ خىلدىكى سۆزلەر تولىمۇ پايدىلىق سۆزلەردۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا سۆزلەر يەنى يالغان سۆز، غەيۋەت قىلىش، سۇخەنچىلىك،

غەپلەتكە چۆكتۈرىدىغان بىھۇدە سۆزلەر يامان، خاتا سۆزلەردۇر. بۇنداق سۆزلەردىن تىلنى يىراق قىلىپ، ياخشى سۆزلەرگە تىلنىڭ زىننىتىدۇر.

## كۆنۈكمە

1. تېكستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداش ۋە قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار:

بىھۇدە ______، ______ تۇغرا ______، ______

ئاتا قىلىش ______، ______ بۇيرۇش ______، ______

گۈزەل ______، ______ يېقىملىق ______، ______

سەمىمى ______، ______ تۈزەش ______، ______

3. جۈمە تۈزۈڭلار:

پايدىلىنىش ياشىماق كۆڭلىنى ئېلىش ياراشتۇرۇش ئەۋزەل

سۇخەنچىلىك

4. تېكستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) ئاللە بىزنى قانداق سۆزلەرنى سۆزلەشكە بۇيرىغان؟

2) ياخشى سۆزنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى قايسى؟ نېمە ئۈچۈن؟

3) قۇرئان سۆزلىرىدىن بۇ قانداق مەنپەئەتكە ئېرىشىمىز؟

4) ئىككىنچى خىل ياخشى سۆزلەر قايسى؟ ئۇلارنىڭ قانداق رولى بار؟

5) ئۈچىنچى تۈردىكى ياخشى سۆزلەر قايسى؟ ئۇنىڭ قانداق ئەھمىيتى بار؟

6) يامان سۆزلەر قايسىلار؟

5. تېكستنىڭ مەزمۇنى نېمىگە چاقىرىدۇ؟

**6. ئۆزەڭلارنىڭ بىر كۈندە قىلىدىغان سۆزلىرىڭلارنى تېكىستتە بايان قىلغان سۆزلەرنىڭ تۈرى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ چىقىڭلار، ئاندىن قايسى خىل سۆزلىرىڭلارنى سۆزلىشىڭلار، قايسى خىل سۆزلىرىڭلارنى سۆزلىمەسلىكىڭلار كېرەكلىكىنى بىلىۋېلىڭلار.**

www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 14. تىل ـ قەلبنىڭ ئاچقۇچى

**ئوماق قېرىنداشلار، سىلەر نېمە ئۈچۈن اللەنىڭ بەندىلىرىگە سۆز نازىل قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىلەر؟ سىلەر بەلكىم ئاددىيلا قىلىپ، چۈنكى ئىنسانلار سۆزنى چۈشىنىدۇ، دېيىشىڭلار مۇمكىن. جاۋابىڭلار خاتا ئەمەس. ئەمما ئىنسان يەنە ناخشا ـ مۇزىكا، رەسىم قاتارلىقلاردىمۇ بىرەر مەزمۇنلارنى چۈشىنىشى مەلۇم نەرسىلەرنى ھېس قىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئىنسانغا ئەڭ توغرا، ئەڭ ئوچۇق چۈشەنچىلەر تىل ۋاستىسىدىن كېلىدۇ. دېمەك، ئىنسانغا سۆزلەر ھەممىدىن بەك تەسىر قىلىدۇ.**

**بىز تىل ـ يېزىقتىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەسىم ياكى مۇزىكا ئارقىلىق ئۆگىنىۋالغىلى بولمايدۇ. بىز تىل ئارقىلىق شەيئىلەرنى تونۇيمىز. شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى مەلۇم تاۋۇشلار يىغىندىسىغا ماس كەلتۈرۈپ، شەيئىلەرگە ئىسىم قويىمىز. بىز مۇشۇ ئىسىملار ئارقىلىق ئويلىنالايمىز، تەپەككۇر قىلالايمىز، مەزمۇنلارنى چۈشىنەلەيمىز. تىل بولمىسا ئىنساننىڭ ئەقلى قابىلىيىتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھېكمەتلىك رەببىمىز بىزگە تىلنى ئەقلىنىڭ ياخشى قورالى قىلىپ بەردى. ھېچقانداق تىلنى ئۇقمايدىغان ئادەم ھېچنېمە بىلەلمەيدۇ. مەسىلەن، بۇۋاق بالا. بىر نەچچە خىل تىلنى بىلىدىغان ئادەم نۇرغۇن**

نەرسىلەردىن خەۋەردار بولالايدۇ.

بىز تىل ئارقىلىق بىلىملەرنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ھەق ـ ناھەق، توغرا ـ خاتا، گۈزەللىك ـ رەزىللىكنى ئايرىيالايمىز. ھەقكە، توغرىغا، گۈزەللىككە چاقىرىدىغان سۆزلەر قەلبلەرگە تەسىر قىلىپ، ئىنسانىي ئىسلاھ قىلىدۇ. يەنە تىل ئارقىلىق ئىنسان ھەق ـ ناھەقنى، توغرا ـ خاتانى، ياخشى ـ ياماننى بىلەلەيدۇ، شەيئىلەردىكى زىيان ـ خەتەر، پايدا ـ مەنپەئەتنى ھېس قىلالايدۇ. شۇئارقىلىق ھەقنى، توغرىنى، ياخشىلىقنى، ھەقىقى پايدىنى تاللىيالايدۇ. ھەقىقەتەن تىل قەلبنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

الله تەئەلا بىزگە سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقىنى نازىل قىلىپ، ھەقنى، توغرىنى بىلدۈردى، ياخشىلىقنى، ھەقىقى مەنپەئەتكە چاقىردى. اللەنىڭ پاساھەتلىك ۋە تەسىرلىك سۆزلىرى قەلبلەرنىڭ قۇلۇپلىرىنى ئاچتى، قەلبلەردىكى تۈگۈنلەرنى يەشتى. ئىنساننى يۈزەكى بىلىشتىن چوڭقۇر بىلىش ۋە چۈشىنىشكە، ماھىيەتنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. الله بىزگە تىل ئارقىلىق ئەقلىمىزنى ئېچىپ بەردى، قەلبىمىزنى ئىلىم ـ مەرىفەت ۋە ھىدايەت بىلەن ئاچتى. الله ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل سۆزلىرى بىلەن قەلبلەرنى ھەقىقەتەن نۇرلىرىدا يۇرىتىپ، بىزنى سائادەتكە باشلىدى. رەببىمىز اللەغا ھېسابسىز شۈكرىلەر بولسۇن!

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى مەنداش ياكى قارشى مەنىلىك سۆزلىرى بىلەن گۇرۇپپىلاڭلار: چۈشىنىش، بىلىش، ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىش، خەۋەردار بولۇش، ھېس قىلىش، ھەق، خاتا، ياخشى، چىرايلىق، پاساھەتلىك، گۈزەللىك، ناھەق، توغرا، رەزىللىك، يامان

3. جۇملە تۈزۈڭلار:

تەسىر قىلماق قابىلىيەت ئايرىماق ئىسلاھ قىلماق پاساھەتلىك

ئىلىم ـ مەرىفەت

4. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) الله نېمە ئۈچۈن بەندىلىرىگە مۆزىكا نازىل قىلماي، سۆز نازىل قىلغان؟

2) تىل ـ يېزىق ئارقىلىق بىز نېمىگە ئېرىشىمىز؟

3) ھېچقانداق تىل ئۆگەنمەيدىغان ئادەم بىرەر نەرسە بىلەلەمدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

4) بىز تىل ئارقىلىق بىلىم ئۆگەنگەندىن كېيىن نېمىلەرنى ئايرىيالايمىز؟

5) الله ئەڭ گۈزەل سۆزلىرى ئارقىلىق ئىنسانغا نېمىلەرنى بىلدۈردى ۋە نېمىگە چاقىردى؟

5. تىلنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

6. نېمە ئۈچۈن تىل قەلبنىڭ ئاچقۇچى دەيمىز؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 15. سۆزلەش ئەدەبلىرى

الله بىزگە تىل نېئمىتىنى ئاتا قىلىپ، ئۇنى ياخشى قوللىنىشقا بۇيرىدى. يەنى الله بىزنى ياخشى، توغرا سۆزنى قىلىشقا، بىھۇدە، يالغان سۆزلەردىن يىراق بولۇشقا بۇيرىدى. تىلنى تىزگىنلەپ ياخشى سۆزگە ئادەتلەندۈرۈش، ياخشى سۆزنى ياخشى رەۋىشتە سۆزلەش تىلنىڭ ھەققىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كىشىلەر بەك جىمغۇر دەپ قاقشاشقاندا، ئۇ مۇنداق چۈشەندۈرۈش بەرگەنىكەن: «مەن تىلىمنىڭ قىلىچ

ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، ئەگەر ئۇنى پايدىلىق جايغا ئىشلەتمىسەم مېنى كىسىدۇ». ئەدەب بىلەن قىلىنغان ياخشى سۆز كۆپ مەنپەئەتلەرنى، ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كەلسە، ئويلانماي قىلىنغان سۆزلەر كۆتۈلمىگەن يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىشى، الله ئالدىدا ئىگىسىنى گۇناھكار قىلىشى مۇمكىن.

ياخشى سۆزنى زۆرۈر بولغاندا، جايىدا، چۈشىنىشلىك، مۇۋاپىق ھالدا سۆزلەش كېرەك. ياخشى سۆز قىلىمەن، دەپ بىئەپ ۋاقىتلاردا سۆزلىگەندە ئاڭلىغۇچىلارنى بىزار قىلىشى ياكى سۆزنى ئىسراپ قىلىۋېتىشى مۇمكىن. ياخشى سۆزنى ئاڭلىغۇچىنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتىگە يارىشا، ئاددىي، چۈشىنىشلىك قىلىش كېرەك. سۆز قىلغاندا مۇۋاپىق سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، دېمەكچى بولغان مەزمۇننى دەل جايىدا ئىپادىلەش سۆز قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ماھارەتتۇر. مەزمۇننى بەك كۆپتۈرىۋېتىش ياكى چۈشىرىۋېتىش سۆزنىڭ چىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ياخشى سۆز قىلغاندا، ئاستا، تەمكىنلىك بىلەن دانىمۇ دانە سۆزلەش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاستا ۋە ئوچۇق دانىمۇ دانە سۆزلەيتتى، زۆرۈر بولسا سۆزلىرىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايتتى.

سۆزلىگەندە جىددى مۇنازىرىدىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى جىددى مۇنازىرە قىلىش ئاڭلىغۇچىنى بىئارام قىلىپ، ئۇنىڭغا ئويلىنىش پۇرسىتى بەرمەيدۇ. ھەتتا بەزىدە جىدەل ـ ماجرا كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئادەم، ئەقىلسىز نەرسىلەرنى تىللىماسلىق كېرەك. چۈنكى تىللاش ئىنسانغا پەقەت ئازار بېرىدۇ، ئىسلاھ قىلالمايدۇ. تىللاش داۋاملىق تىللانغۇچىنىڭ قىلمىشىدىن ئېغىر تۇرۇپ قالىدۇ. بىرەرسى خاتا ئىش قىلسا، ئۇنىڭ خاتالىقىنى چۈشەندۈرۈپ تەنقىدلەش كېرەك، ھەرگىزمۇ تىل سېلىپ تىللاشقا بولمايدۇ. ھايۋانات ۋە جانسىز نەرسىلەردە ئەقىل يوق، ئۇلارنى تىللاش ئەخمەقانىلىق ۋە ئۇلارغا ئۇۋال قىلغانلىق بولىدۇ. ئەمما ھەقنى ھەق، باتىلنى، باتىل دېيىشتىن

ھەرۋاقىت تىلنى تولغىماسلىق لازىم. باتىلنىڭ باتىللىقىنى تەنقىدلەش، چۈشەندۈرۈش تىلىللاش قاتارىغا كىرمەيدۇ. ياخشى سۆزلەرنى ئەدەب بىلەن سۆزلەپ، اللە ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەردىن بولۇشقا تىرىشايلى.

## كۆنۈكمە

1. تېكستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداش ۋە قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار:

يىراق ـــــــ، ـــــــ　　　　جىمغۇر ـــــــ، ـــــــ

مۇۋاپىق ـــــــ، ـــــــ　　　　كۆپتۈرۈۋېتىش ـــــــ، ـــــــ

ئاددىي ـــــــ، ـــــــ　　　　ئاستا ـــــــ، ـــــــ

ھەق ـــــــ، ـــــــ　　　　زۆرۈر ـــــــ، ـــــــ

3. جۈملە تۈزۈڭلار:

تىزگىنلەش　كۆتۈلمىگەن　بىزار قىلىش　كۆپتۈرۈش　مۇنازىرە قىلىش　ساقلىنىش　ئازار بىرىش

4. تېكستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) تىلنىڭ ھەققى نېمە؟

2) ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ جىمغۇرلىقىنىڭ سەۋەبىنى نېمە دەپ چۈشەندۈرگەن؟ ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

3) ياخشى سۆزنى قانداق ۋاقىتتا قانداق ئۇسۇلدا سۆزلەش كېرەك؟

4) سۆز قىلىش سۈرئىتى قانداق بولىشى كېرەك؟

5) سۆز قىلغاندا نېمىلەردىن ساقلىنىش كېرەك؟

6) كىملەرنى ۋە نېمىلەرنى تىللاشقا بولمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

5. تېكستتىن سۆزلەشنىڭ قايسى ئەدەپلىرىنى بىلىۋالدىڭىز؟ سۆزلىگەندە مۇشۇ ئەدەپلەرگە ئەمەل قىلىشقا تىرىشىڭ.

6. تىللاش بىلەن تەنقىدلەشنىڭ قانداق پەرقى بار؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشىق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاڭلار:

1) ياخشى سۆز ۋە يامان سۆز؛

2) تىل قەلبنىڭ ئاچقۇچى؛

3) مەن تىلىمنىڭ قېلىچ ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، ئەگەر ئۇنى پايدىلىق جايغا ئىشلەتمىسەم مېنى كېسىدۇ.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداش سۆزلىرىنى يېزىڭلار:

گۈزەل ______ تۈزەش ______ يېقىملىق ______

سەمىمى ______ ئويلىنىش ______ خەۋەردار بولۇش ______

ئاددىي ______ كۆپتۈرۈۋېتىش ______

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار:

بىھۇدە ______ توغرا ______ ئاتا قىلىش ______

بۇيرۇش ______ ھەق ______ چىرايلىق ______

جىمغۇر ______ مۇۋاپىق ______

www.uyghurkitap.com

**4. جۈملە تۈزۈڭلار :**

ياشنماق كۆڭلىنى ئېلىش ئەۋزەل قابىلىيەت ئىسلاھ قىلىش

پاساھەتلىك تىزگىنلەش بىزار قىلىش مۇنازىرە قىلىش ئازار بېرىش

**5. ماقال ـ تەمسىل، ئەقلىيە سۆزلەر ۋە نەقىل كەلتۈرۈش.**

خەلق ئۇزۇن زامانلىق ياشاش جەريانىدا خۇلاسىلەنگەن نەسىھەتلىك سۆزلەر ماقال ـ تەمسىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ياخشى سۆز تاشنى يارار. الله پايدىلىق ئىلىم ئاتا قىلغان كىشىلەر بىز بايقىمىغان نۇرغۇن قىممەتلىك بىلىملەرنى بايقىغان. ئۇلار بۇنىڭدىن ھەممە كىشىنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن ئاددىي جۈملىلەر بىلەن نەسىھەت شەكلىدە ئىپادىلىگەن. بۇ سۆزلەرنى ئەقلىيە سۆزلەر دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىدەك.

بىز ئەسەر يازغاندا ياكى نۇتۇق سۆزلىگەندە، قايىل قىلىش كۈچىنى ۋە تەۋرچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇرئان ئايەتلىرى، ھەدىس، ماقال ـ تەمسىل ياكى ئەقلىيە سۆزلەرنى كىرگۈزىمىز مانا بۇ نەقىل كەلتۈرۈشتۇر. تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىل ۋە ئەقلىيە سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار :

**ماقال ـ تەمسىللەر**

تىلى شىكەر، دىلى زەھەر؛

ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە؛

يۈتنىڭ يۈگرىكى ئاشقا، ئېغىزنىڭ يۈگرىكى باشقا؛

بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى؛

**ئەقلىيە سۆزلەر**

ئالىملىق كۆپ سۆزلەش ئەمەس، كۆپ ئەمەل قىلىشتۇر.

ـ ئىمام شافىئى

ئېتىقاد قىلغاندەك ياشىمىسىڭىز، ياشىغاندەك ئېتىقادتاسىز.

ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)

ئۆزەڭلار ياقتۇرغان ماقال ـ تەمسىل ۋە ئەقلىيە سۆزدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كەم دېگەندە ئۈچتىن يېزىڭلار.

www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# اللەنىڭ نېئمەتلىرى

**6 ـ بۆلەك**



رەببىمىز اللە زېمىندا بىز ئۈچۈن تۈرلۈك نېئمەتلەرنى ياراتقان. بۇ نېمەتلەرنىڭ بەزىلىرىدىن بىۋاستە پايدىلانساق، بەزىلىرىدىن بولسا مەلۇم بىلىملەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئاندىن پايدىلىنالايمىز. ھېكمەتلىك اللە مۇنداق دېگەن:«بىلمەمسىلەركى، اللە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى(يەنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بەردى). سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېئمەتلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى» (سۈرە لۇقمان، 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). بىز ئالدىنقى قىسىم دەرسلىرىمىزدە اللەنىڭ بەزى ھېكمەتلىك قانۇنىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتكەندۇق. ئەمدى بىز بۇ بابتا اللەنىڭ بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن بىزدىن ئەقىل تەلەپ قىلىدىغان بەزى نېئمەتلىرى بىلەن تونۇشىمىز. اللە خالىسا بۇ ئارقىلىق، اللەنىڭ ھەقىقەتەن ھېكمەتلىك، قۇدرەتلىك ۋە بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان زات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 16. اللەنىڭ كۆرۈنمەس نېئمىتى ـ توك

الله بىزگە ئاجايىپ بىر نېئمەت ئاتا قىلغان. ئۇنى ئادەتتە كۆرەلمەيمىز، پۇرىيالمايمىز، ئاڭلىيالمايمىز. ئەمما ئۇنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. ھازىر تۇرمۇشىمىزدا ئۇنىڭدىن كەڭ كۆلەمدە پايلىنىۋاتىمىز. ھەتتا ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغان ھالەتكە كىلىپ قالدۇق. ئەقىللىق قېرىنداشلار، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بۇ نېئمەت زادى نىمە؟

بۇ كۆرۈنمەس نېئمەت توكتۇر. توك قانداق نەرسە؟ توك زەررەتلىك زەررىچىلەرنىڭ يۆنىلىشلىك ھەرىكىتىدىن شەكىللەنگەن ئېنېرگىيەدۇر. زەررەت اللەنىڭ ھېكمەتلىك قانۇنىيىتى بولۇپ، ئۇ مۇسبەت ۋە مەنپىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. توكنى شەكىللەندۈرىدىغان زەررىچىلەر مەنپىي زەررەتلىك ئېلىكترونلاردۇر. جىسىملاردا ئېلىكترونلار بار بولۇپ، ئۇ بىر جىسىمدىن يەنە بىر جىسىمغا يۆتكىلىدۇ. نەتىجىدە ئېلىكترون بەرگەن جىسىم مۇسبەت زەررەتلىك، ئېلىكترون قوشۇۋالغان جىسىم مەنپىي زەررەتلىك بولىدۇ. زەرەتلىنىشنىڭ مانا مۇشۇنداق يۈزبېرىدۇ. ئوخشاش زەرەتلەر ئۆز ـ ئارا تېپىشىدۇ، ھەرخىل زەرەتلەر ئۆز ـ ئارا تارتىشىدۇ. مەنپىي ۋە مۇسبەت زەررەتلەنگەن جىسىملار ئوتتۇرىسىدا، مەنپىي زەرەتلەنگەن قۇتۇپتىن مۇسبەت قۇتۇبقا قارىتا بىر خىل تەسىر كۈچ مەۋجۇت بولۇپ، بۇ دەل ئېلىكترونلارنىڭ مۇسبەت قۇتۇپقا قارىتا يۆنەلگەن ئېلىكتىر يەنى توك كۈچىدۇر.

توكنى ئىنسانلار بايقاپ پايدىلىنىشتىن بۇرۇنلا، ئۇ مەۋجۇت ئىدى. بىز كۆرگەن چاقماق توك كۈچىدىن شەكىللەنگەن كۈچلۈك نۇردۇر. بۇلۇتلارمۇ مۇسبەت ۋە مەنپىي زەرەتلىك بولۇپ، ئىككى خىل زەررەتتىكى بۇلۇت ئۇچراشقاندا كۈچلۈك ئېلىكتىر تەسىر كۈچ ھاسىل بولىدۇ، بۇنىڭدىن شىددەتلىك ئاۋاز ۋە كۈچلۈك نۇر شەكىللىنىدۇ. ئىنسانلار بولسا الله نىسىپ قىلغان يېقىنقى دەۋردىلا توك كۈچىنى بايقاپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا

باشلىدى. دېمەك، توك اللە ياراتقان بىر نئېمەتكى، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئالىملار ياكى تېخنىكلار پەيدا قىلمىغان.

توك ئىنرگىيسى يەنە باشقا شەكىلدىكى ئىنرگىيەنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، شامال ئىنرگىيسى، سۇ ئېقىمى ئىنرگىيسى، ئوت ئىنرگىسى...قاتارلىقلاردىن توك ئىنرگىيسى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئىنسانلار توك ئىنرگىيسىدە ئىشلەيدىغان نۇرغۇن قۇرال-ئەسۋابلارنى ياساپ چىقتى، بۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېلىكتىر ئۈسكىنىلىرى دەپ ئاتايمىز. ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئېلىكتىر ئۈسكىنىلىرىدىن لامپۇچكا، قول چىراق، كىرئالغۇ، توڭلاتقۇ، كومپيۇتېر قاتارلىقلار بار. اللە بىزگە توكنى يارىتىپ بەرمىگەن بولسا، بىز ھەرگىزمۇ ئۇنداق نەرسىلەرنى ياساپ ئىشلىتىشكە قادىر بولالمايتتۇق، تۇرمۇشىمىز بۇندا قۇلاي بولمايتتى. بىزگە توكتىن ئىبارەت يۇشۇرۇن نېئمەت ئاتا قىلغان اللەغا ھېسابسىز شۈكرىلەر بولسۇن!

## كۆنۈكمە

1. تېكستنى راۋان ۋە جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنداش ياكى قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار:

| مەنداش سۆزلىرى | | قارشى مەنىلىك سۆزلىرى | |
|---|---|---|---|
| ئاجايىپ ــــــ | تەرتىپلىك ــــــ | مۇسبەت ــــــ | تەرتىپلىك ــــــ |
| قىزىقارلىق ــــــ | دەسلەپتە ــــــ | كۈچلۈك ــــــ | دەسلەپتە ــــــ |
| كۈچلۈك ــــــ | ئەسۋاب ــــــ | قۇلايلىق ــــــ | يۇشۇرۇن ــــــ |

3.جۈملە تۈزۈڭلار:



www.uyghurkitap.com

**ئاجايىپ زەررىچە زەرەتلىرىنىش شەكىللەنمەك ھاسىل بولماق ئېلېكتېر ئۇسكىنىلىرى**

**3. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:**

**1) توك دېگەن نېمە؟**

**2) زەرەتلىنىش دېگەن نېمە؟**

**3) زەررەت قانچە خىل بولىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟**

**4) ئوخشاش ۋە ھەرخىل زەرەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟**

**5) ئېلېكتېر كۈچى دېگەن نېمە؟**

**6) ئېلېكتېر ئېنېرگىيىسىگە يەنە قانداق ئۇسۇل بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ؟**

**5. تېكىستنى ئوقۇش ئارقىلىق توك ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىۋالدىڭلار؟**

**6. توكنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا قانداق ئەھمىيىتى بار؟ كىم بىزگە توكنى بۇنداق مەنپەئەتلىك قىلىپ بەردى؟**

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

## 17. «قارا ئالتۇن» ۋە «سۈيۈق ئالتۇن»

**ئوماق قېرىنداشلار، سىلەر ئالتۇننى كۆرۈپ باققانمۇ؟ ئالتۇن نورمال ھالەتتە سېرىق رەڭلىك قاتتىق ماددا. «قارا ئالتۇن» ۋە «سۈيۈق ئالتۇن» دېگەن سۆزلەردىن ھەيران قالدىڭلارغۇ دەيمەن؟! الله بىزگە ناھايىتى پايدىلىق ئىككى خىل ئېنېرگىيە مەنبەسىنى يارىتىپ بەرگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ئالتۇندىن قېلىشمايدۇ. بۇلارنىڭ بىرى «قارا ئالتۇن» دەپ نام ئالغان كۆمۈر، يەنە بىرى بولسا «سۈيۈق ئالتۇن» دەپ نام ئالغان نېفىتتۇر. بۇ ئىككى نەرسە ھەقىقەتەن اللەنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان كاتتا**

ئىھسانىدۇر.

كۆمۈر قارا رەڭلىك قاتتىق ماددا. قارىماققا كۆرۈمسىز ۋە كىلەڭسىز كۆرۈنگەن بۇ جىسىم قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقىدا بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزنى ئىسسىتىدۇ. كۆمۈرنىڭ ئاساسلىق تەركىبى كاربون بولۇپ، يەنە ئاز مىقداردا گۈڭگۈرت قاتارلىقلار بار. كۆمۈر اللەنىڭ بىز ئۈچۈن تەييارلىغان نېئمىتى بولۇپ، ئۇ دەرەخ ياغاچلىرى ۋە شاخ ـ شۇمبىلىرى، ھايۋاناتلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ چىرىندىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت يەر تىگىدە يىغىلىپ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. كۆمۈرنىڭ چىقارغان ئىسسىقلىق مىقدارى دەرەخ ئوتىنىنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەر قىشتا مەشلىرىگە ئاساسلىقى كۆمۈر قالايدۇ. كۆمۈردىن يەنە تېخنىكا ئارقىلىق كۆيۈشچان گازلارنى ھاسىل قىلىپ يىغىۋېلىشقا بولىدۇ. ھازىر شەھەرلەردىكى ئاھالىلەر كۆمۈر گازىنى يېقىلغۇ قىلىدۇ.

نىفىت كۆمۈردىن قېلىشمايدىغان ئىسىل نېئمەتتۇر. نىفىت ھەرخىل كۆيۈشچان مايلاردىن تەركىب تاپقان قارا رەڭلىك سۇيۇق ھالەتتىكى ئورگانىك بىرىكمە ماددىدۇر. نىفىت ئالاھىدە شارائىتتا يەنى قورغاق، يۇقىرى تېمپېراتورا شارائىتىدا ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ چىرىندىلىرىنىڭ ئاستا ـ ئاستا توپلىنىپ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. اللە بىزگە نىفىتنى بەكمۇ قىممەتلىك نېئمەت قىلىپ بەرگەن. نىفىتتىن ھازىرقى قاتناش قۇراللىرىغا ئىشلىتىلىدىغان مايلار يەنى بېنزىن، كىرسىن، دىزىل مېيى قاتارلىقلار، ھەرخىل سىلىقلاشتۇرۇش مايلىرى، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ماي ۋە يولغا ياتقۇزىلىدىغان مايلارنى ئايرىۋالغىلى بولىدۇ. نىفىت قۇدۇقلىرىدىن ۋە نىفىت ئايرىش زاۋۇتلىرىدىن يىغىۋېلىنغان گازنى بىۋاستە يېقىلغۇ قىلغىلى ھەمدە سۇلياۋنىڭ خام ـ ئەشياسى قىلغىلى بولىدۇ.

اللە بىزگە كۆمۈر بىلەن نىفىتتىن ئىبارەت ئالتۇندەك نېئمەت ئاتا قىلدى. ئەمما بىز

تېرىشىپ ئۆگىنىپ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارمىساق، بۇ نېئمەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمايمىز. بۇ نېئمەتلەرگە شۈكرى ئېيتىش يۈزىسىدىن ئىلغار تېخنىكىلار ئارقىلىق، ئۇلارنى ئۈنۈملۈك ھالدا ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىشىمىز كېرەك.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنداش ياكى قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار:

| مەنداش سۆزلىرى | | قارشى مەنىلىك سۆزلىرى | |
|---|---|---|---|
| ئەھمىيەت ______ | تەركىب ______ | كۆرۈمسىز ______ | كىلەڭسىز ______ |
| ئىھسان ______ | كۆيۈشچان ______ | سوغۇق ______ | قورغاق ______ |
| ئالاھىدە ______ | شارائىت ______ | قىممەتلىك ______ | لايىق ______ |

3. جۈملە تۈزۈڭلار:

ئېنېرگىيە مەنبەسى تەكىب يېقىلغۇ خامئەشيا ئىلغار تېخنىكا

4. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) «قارا ئالتۇن» ۋە «سۇيۇق ئالتۇن» ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نېمىلەرنى كۆرسىتىدۇ؟

2) كۆمۈر قانداق ماددا؟ ئۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى نېمە؟

3) كۆمۈر قانداق شەكىللىنىدۇ؟ كۆمۈرنىڭ قانداق ئىشلىتىلىش قىممىتى بار؟

4) نېفىت قانداق ماددا؟ ئۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى نېمە؟

5) نېفىت قانداق شەكىللىنىدۇ؟ نېفىتنىڭ قانداق ئىشلىتىلىش قىممىتى بار؟

6) قانداق قىلغاندا بۇ ئىككى نېئمەتتىن لايىق رەۋىشتە پايدىلانغىلى بولىدۇ؟

5. نېمە ئۈچۈن كۆمۈر ۋە نېفىتنى الله ئىنسانلارغا يارىتىپ بەرگەن قىممەتلىك نېئمەت

دەيمىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 18. سانائەت

ئەقىللىق قېرىنداشلار، بىز تۇرمۇشىمىزدا «سانائەتلىشىش»، «سانائەت تەرەققىياتى» دېگەندەك سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلايمىز. بۇ سۆزلەرنى بىز كافىرلارنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە كۆپ ئاڭلىغاچقا، ھەتتا بەزى مۇسۇلمانلار سانائەتنى ئىسلامغا يات، كافىرلارنىڭ نەرسىسى دەپ قارايدۇ. بىز سانائەتنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى بىلەن تونۇشۇپ چىقساقلا، ئۇنىڭ اللەنىڭ بىر ئېھسانى، بىزگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بۇيسۇندۇرۇپ بېرىشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

سانائەت ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، «ياساش» دېگەن مەنىسى بار. ئۇيغۇر تىلىدا سانائەت ماشىنىلاشقان مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلاتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، سانائەتنى يېنىك سانائەت ۋە ئېغىر سانائەت دەپ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. يېنىك سانائەت تۇرمۇش بۇيۇملىرى، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك..قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان سانائەتتۇر. ئېغىر سانائەت ھەرخىل چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى قاتناش ۋاستىلىرىنى ياساش، ھەرخىل ئېلېكتىر سايمانلىرى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان سانائەتنى ئېغىر سانائەت دەپ ئاتايمىز. يېنىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئايلانمىسى تېز، جەريانى ئاددىي، خامئەشيا ۋە مەھسۇلات تەننەرخى تۆۋەن بولۇپ، زور مەبلەغ ۋە زىيادە يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىپ كەتمەيدۇ.

ئېغىر سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئايلانمىسى نىسبەتەن ئاستا، جەريانى مۇرەككەپ، خامئەشيا ۋە مەھسۇلات تەننەرخى يۇقىرى بولغاچقا، زور مەبلەغ ۋە يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلمايدۇ. ئېغىر سانائەتتە بىر خىل تەييار مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن بىر نەچچە زاۋۇت ھەمكارلىشىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

سانائەت پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. سىلەر قايناپ تاشقان قازاننىڭ تۈۋىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنمۇ؟ قازاننىڭ تۈۋىقىنى كۆتۈرگەن كۈچ زادى نېمە؟ ئۇنى پارلىنىپ چىققان سۇ ھورى كۆتۈرىۋەتكەن. ئىنسانلار بۇ ئاددىي ھادىسىدىن ھەرخىل قۇرۇلمىلارنى ھەركەتلەندۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، ياساپ سىناپ كۆرۈپ مۇۋەپپىقىيەت قازانغان. پار ماشىنىسى ئارقىلىق تۇنجى ئادەم كۈچىسىز ھەرىكەتلىنىدىغان ماشىنا، سىخلار مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرخىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان مىخانىكىلىق ماشىنىلار ياسالدى ۋە ھورنىڭ كۈچىدە بىمالال خىزمەت قىلدى. ئىنسانلار بىر نەرسە ياساش ئۈچۈن ئۇنداق كۆپ جىسمانى كۈچ سەرىپ قىلمىسىمۇ بولىدىغان بولدى. ھازىر سانائەتتىكى ئاپتوماتىك ئىشلەپچىقىرىش سىخلىرى ۋە ماشىنىلىرى توك كۈچى ئارقىلىق خىزمەت قىلىدۇ.

سانائەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي جەھەتتىن خامئەشيا كىرگۈزۈش، پىششىقلاپ ئىشلەش، تېخنىكا لايىھەسىگە ئاساسەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن خامئەشيادىن كۆزلىگەن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، مەھسۇلاتنى بازارغا سېلىش قاتارلىق جەريانلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. سانائەت ئىنسان ئېجادچانلىقى ۋە ماددىلاردىكى ئاجايىپ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ نامايەندىسى. ئەمەلىيەتتە، سانائەت اللەنىڭ بىر ئېھسانىدۇر، چۈنكى ئىنسانغا ئېجادچان ئەقىل بەرگەن، ماددىلارنى مۇۋاپىق خۇسۇسىيەتلەر بىلەن ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بەرگىنى دەل مۇقەددەس بۈيۈك اللەدۇر، شۇڭا بىز ئەقلىمىزنى

ئىشلىتىپ، ئاللاھنىڭ يەزلىنى تىلەپ، سانائەت بىلەن ئىسلامنى قوروپ چىقىشقا ۋە گۈللەندۈرۈشكە ئەلۋەتتە ھەقلىقمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان ۋە جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداش ياكى قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار.

يات ________، ________ ياساش ________، ________

ئاددىي ________، ________ يۇقىرى ________، ________

يېنىك ________، ________ پار ________ سىخ ________

مۇۋاپىقىيەت ________، ________

3.جۈملە تۈزۈڭلار

سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات سىخ بىمالال ئىجادچان گۈللەندۈرۈش

4.تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ ، تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاپ بېرىڭلار.

1) سانائەت دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى ۋە تىلىمىزدا قوللىنىلىدىغان مەنىسى نېمە؟

2) سانائەت نېمىگە ئاساسەن قانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ؟

3) يېنىك سانائەتنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟

4) ئېغىر سانائەتنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟

5) سانائەت قانداق مەيدانغا كەلگەن؟

6) سانائەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئادەتتە قايسى ھالقىلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ؟

5. سانائەتنىڭ مەيدانغا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېرىڭلار ۋە سانائەتنىڭ ئاللاھنىڭ ئېھسانى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشىق باغچىسى

**1. تۆۋەندىكى ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاڭلار:**

**توك  كۆمۈر  نېفىت  سانائەت  ئېغىر سانائەت  يېنىك سانائەت**

**2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداش سۆزلىرىنى يېزىڭلار:**

**ئاجايىپ ______  تەرتىپلىك ______  كۈچلۈك ______**

**ئەسۋاپ ______  ئەھمىيەت ______  شارائىت ______**

**ئالاھىدە ______  تەركىب ______  ياساش ______**

**پار ______  سېخ ______  يات ______**

**3. تۆۋندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار.**

**مۇسبەت ______  قۇلايلىق ______  يوشۇرۇن ______**

**كۆرۈمسىز ______  كېلەڭسىز ______  قۇرغاق ______**

**يات ______  ئاددىي ______  مۇۋاپىقىيەت ______**

**4. جۈملە تۈزۈڭلار.**

**زەررىچە  زەرەتلىنىش ھاسىل بولماق  ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى تەركىب يېقىلغۇ خامئەشيا  ئىلغار تېخنىكا  سانائەت  ئىشلەپ چىقىرىش  بىمالال  ئىجادچان گۈللەندۈرۈش**

**5. تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ بوش ئورۇن تولدۇرۇڭلار ۋە سېخمىلىك رەسىمنى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار.**

www.uyghurkitap.com




**6. يېزىقچىلىق مەشقى: چۈشەندۈرۈش ماقالىسى**

بىرەر شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ ئېنىقلىمىسى، ئالاھىدىلىكى، تۈرلىرى، ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈشنى ئاساس قىلىپ يېزىلىدىغان ماقالە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى دەپ ئاتىلىدۇ. چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن شەيئى ياكى ھادىسە ھەققىدە مۇئەييەن بىلىمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. تەبئىي پەن كىتابلىرىنىڭ بەزى قىسىملىرى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى شەكلىدە يېزىلىدۇ. بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنىڭ ھەممىسى چۈشەندۈرۈش ماقالىسىدۇر. ئەمدى سىلەر تۆۋەندىكى تېمىلاردىن بىرنى تاللاپ، بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى يېزىپ چىقىڭلار.

1) قەلەم

2) كىتاب

3) كومپيۇتېر

4) ئات

**7. پىكىر بايان قىلىڭلار:**

**1)** ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن اللەنىڭ بەزى نېئمەتلىرىدىن يېقىنقى زاماندا ئاندىن پايدىلىنىشقا باشلىدى؟

**2)** نېمە ئۈچۈن ھازىرقى زاماندا توك ۋە نېفىت مۇھىم ئېنېرگىيە مەنبەسى ھېساپلىنىدۇ؟

**3)** اللەنىڭ كەڭرى نېئمەتلىرىدىن لايىق رەۋىشتە پايدىلىنىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# بىزنىڭ ئالىملىرىمىز

**7 ـ بۆلەك**




الله سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا مۆئمىنلەرنى ئەقىل ئىشلىتىشكە، بىلىشكە قىزىقتۇرغان. ئىسلام مەرىپەت دىنى بولۇپ، ھەر بىر مۇسۇلمان ھەم ئۆگەنگۈچى ھەم ئۆگەتكۈچى بولىدۇ. الله ئىلىمدە كامالەتكە يېتىشنىڭ پەزىلىتىنى مۇنداق بايان قىلغان:«اللەتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ»(سۈرە فاتىر، ). ئالىم بولۇش نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! اللەتىن ھەقىقى رەۋىشتە قورقۇپ، اللەنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش بىر بەندىنىڭ شەرىپى ۋە بەختىدۇر. نادانلىق ئەكسىچە غاپىللىققا باشلايدۇ. شۇڭا بىز قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئىجتىھاد بىلەن ئىزدىنىپ، اللەتىن قورققۇچى ئالىملاردىن بولۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. تارىخىمىزدا بىزگە ئىلىم ئۆگىنىشتە، ئۆگەنگەن ئىلمىغا ئەمەل قىلىشتا ئۈلگە بولىدىغان نۇرغۇن ئالىملىرىمىز ئۆتكەن. بۇ بۆلەكتە بىز، ئىنشا الله، شۇ ئالىملىرىمىزنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن خەۋەردار بولۇش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە ياخشى ئۈلگىلەرنى تىكلىيەلەيمىز.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 19. ئىلىمگە سادىق ئالىم ـ ھەسەن بەسرى




ھەسەن بەسرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنلا ياشىغان تابىئىنلارنىڭ داڭلىق ئۆلىماسى، دىنىي دەۋەتچى پېشۋاسى. ھەسەن بەسرىنى اللە ئۆز ھېكمىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە يېقىن بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئانىسى مۆئمىنلەر ئانىسى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ خىزمەتكارى، دادىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاتكەردىسى، بېقىۋالغان ئوغلى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىزمەتكارى ئىدى. شۇڭا ھەسەن بەسرى كىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ پاك ھۇجرىلىدا تەربىيە كۆرۈپ، ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگەنسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ داڭلىق ساھابىلىرىدىن ئىلىم ئۆگىنەتتى. ھەسەن بەسرى باللىق ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا ئىلىمگە تولىمۇ ھېرىسمەن، تىرىشچان زىرەك ئىدى. ئۇ «ئىلىمگە توشقان كۈپ» دەپ ئاتالغان بۈيۈك ئالىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن تەپسىر، ھەدىس، قىرائەت بىلىملىرىنى ئۆگەندى. باشقا ئالىملاردىن فىقھى، تىل، ئەخلاق، ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىلىملەرنى تەلىم ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەۋرىنىڭ ئىشەنچلىك، ھەممىدىن خەۋەردار ئالىمىغا ئايلاندى.

ھەسەن بەسرى ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن، ئىلىمگە سەمىمىيلىك بىلەن ئەمەل قىلىدىغان ئۇستاز، ئۆزى ئەڭ ئاۋۋال ئەمەل قىلىدىغان دەۋەتچى بولدى. خەلقكە

www.uyghurkitap.com

ھەقنى يەتكۈزۈشتە زالىمدىن قورقماسلىقى ئۇنىڭ ئىلىمگە سادىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەنىدى. بۇ توغرىلىق مۇنداق بىر ۋەقە بار:

ئىراقتا ۋالىي بولغان زالىم ھەججاج ئۆزى ئۈچۈن ھەشەمەتلىك بىر قەسىر ياساپ، ئۇنى تەبرىكلىتىش ۋە كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن، كىشىلەرنى قەسىرگە تەكلىك قىلىدۇ. ھەسەن بەسرىمۇ ئۇ سورۇنغا قاتنىشىدۇ ۋە يىغىلىشنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدۇ. ئۇ نەسىھەتلىرىدە ھېچنىمىگە پىسەنت قىلماستىن زالىم ھەججاجنىڭ ئەيتى ـ بەشرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ھەتتا كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەججاجنىڭ بىرەر يامانلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، توختاپ قېلىشنى ئېيتىدۇ. ئەمما ھەسەن بەسرى «اللە ئالىملاردىن ھەقنى يۇشۇرماي يەتكۈزۈشكە ئەھدە ئالغان» دەپ نەسىھىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ھەسەن بەسرىنىڭ بۇ ئىشىدىن قاتتىق ئاچچىقلانغان ھەججاج ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ چاقىرىدۇ. ئەمما ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتتىن قۇتقازغان اللە ئۇنىڭ سەمىمىي دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى زالىمنىڭ قېلىچىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ھەججاج ئۆز نىيىتىنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭ ئىلمىگە ۋە جاسارىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ. اللە ھەقىقەتەن بەندىلىرىگە يېتەرلىكتۇر. اللە ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن، ئىلىم كۆرسەتكەن ھەقىقەتنى ھېچنىمىدىن قورقماي ئاشكارا جاكارلايدىغان ئالىملارغا رەھمەت قىلسۇن. پەقەت اللەتىنلا قورقىدىغان ئىلىمگە سادىق ئالىملارغا خەلق نېمىدېگەن ئېھتىياجلىق ـ ھە!

كۆنۈكمە

**1.** تېكستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداش سۆزلىرىنى يېزىڭلار:

داڭلىق ______ پىشۋا ______ ئۆلىما ______ پاك ______

ئەدەپ ______ ھېرىسمەن ______ تىرىشچان ______ زېرەك ______

تەلىم ئالماق ______ سادىق ______ مۇھتاج ______ سورۇن ______

3. جۈملە تۈزۈڭلار:

دۇنياغا كەلمەك كامالەتكە يەتمەك ئۈمىد قىلماق ھەققىنى ئادا قىلماق داۋاملاشتۇرماق

4. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) ھەسەن بەسرى كىم؟ ئۇ قايسى دەۋىردە ياشىغان؟

2) ھەسەن بەسرى قانداق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن؟

3) ھەسەن بەسرى كىچىدە قەيەردە تەربىيلەندى؟ كىملەردىن ئىلىم ئۆگەندى؟

4) ھەسەن بەسرى كىملەردىن قايسى ئىلىملەرنى ئۆگەندى؟

5) ھەسەن بەسرى ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن قانداق ئادەم بولدى؟

6) ھەسەن بەسرى زالىم ھەججاجنىڭ قەسرىدىكى يىغىلىشتا قانداق قىلدى؟

7) زالىم ھەججاج ھەسەن بەسرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ئاقىۋەت قانداق بولدى؟

5. ھەسەن بەسرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن ھەقىقى ئالىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىڭلار؟

6. ئالىم ئۆزى بىلگەنگە ئەمەل قىلماستىن ئۆگىنىپ، ئۆگەتسە، ئۆزى ئەمەل قىلماي ۋەز ـ نەسىھەت قىلسا، زالىمدىن قورقۇپ ھەقنى يۇشۇرسا ئۇنىڭ تەسىرى قانداق بولىدۇ؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 20. كەڭ قورساق ئالىم ـ شەبىي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى




الله تەئالا كەڭ قورساقلىقنى تولىمۇ ئوبدان پەزىلەت قىلغان. كىم كەڭ قورساق بولسا، ئىلىم ۋە ئەمەلدە توختاۋسىز ئىلگىرلىيەلەيدۇ. اللەنى تونىغان ۋە ئۇنىڭدىن ھەقىقى قورقىدىغان، ئىلىم ئارقىلىق دۇنيانى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆزىتىدىغان ئالىملار ئەلۋەتتە بۇ دۇنيانىڭ ماتالىرىغا كۆڭلىنى ئاچچىق قىلمايدۇ، بەندىگە رەببى ئاتا قىلغان نەرسىلەرگە كۆز قىزارتمايدۇ. بەلكى ئۆزىگە ئوخشاش مەخلۇقاتلارغا رەببىگە شۈكرى ئېيتىش يۈزىسىدىن ناھايتى كەڭ قورساق بولىدۇ. شەبىي نامى بىلەن ئاتالغان ئامىر ئىبنى شۇراھبىل بۇ سۆزىمىزنىڭ ياخشى دەلىلىدۇر.

الله شەبىيگە ئۆتكۈر ئەقىل، ئوچۇق زېھىن ئاتا قىلغان ئىدى. شەبى گەرچە كۇفە شەرىدە توغۇلغان بولسىمۇ، ئىلمگە بولغان ئىشتىياق ئۇنى مەدىنىگە چىللىغان ئىدى. ئۇ 500گە يېقىن ساھابىدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى شۇنچە يۇقىرى بولۇپ، ئۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:«مەن ھەرگىزمۇ قەلەم بىلەن قەغەزگە خەت يېزىپ باقمىدىم، ھەرقانداق بىر ئادەم ھەدىس سۆزلىسە شۇ ھامان ئىسىمدە قالاتتى. بىرەرى سۆزلىسە قايتا سۆزلىشى ھاجەتسىز ئىدى». شەبىي الله ئاتا قىلغان بۇ

نېئمەتنىڭ شۈكرىسىنى جايىدا ئادا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلىم سورۇنلىرىغا ھەتتا ساھابىلەرمۇ قاتنىشاتتى.

شەبىي ناھايىتى ئالىيجاناپ ۋە كەمتەر ئىدى. بىر قېتىم ئۇنى بىر كىشى «ئى ئالىم فەقىھ!» دەپ چاقىرغاندا، ئۇ كەمتەرلىك بىلەن:«نېمە دېگىنىڭ بۇ، بىزنى ماختاپ يوق نەرسە بىلەن ئۇچۇرما، فەقىھ دېگەن اللە چەكلىگەن ئىشتىن ساقلانغان كىشىدۇر، ئالىم دېگەن اللەتىن قورققان كىشىدۇر، بىز شۇنداق قىلالىدۇقمۇ؟» دېگەن. يەنە بىر قېتىم بىر كىشى ئۇنىڭدىن بىر مەسىلىنى سوراپ،«بۇ ھەقتە ئۆمەر ۋە ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار مۇنداق، مۇنداق دېگەن، سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟» دېگەندە، شەبىي بولسا خىجىللىق بىلەن تەبەسسۇم قىلىپ « ئۇ ئىككەيلەننىڭ سۆزى ئالدىدا مېنىڭ سۆزۈمنى قانداق قىلاتتىڭ؟» دېگەن. بىر ئادەم ئۇنى ناھايىتى سەت تىللار بىلەن تىللىغاندا، ئۇ ناھايىتى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۇنىڭغا «ماڭا دېگەنلىرىڭ راست بولسا، اللە مېنى كەچۈرسۇن، ئەگەر ماڭا دېگەنلىرىڭ يالغان بولسا، اللە سېنى كەچۈرسۇن» دېگەندىن باشقا سۆز قىلمىغان.

اللە ئاتا قىلغان ئەقىل نېئمىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ سەرپ قىلغان، ئىلىم بىلەن اللە ئۇنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسىنى كەڭ قىلغان كىشى نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! اللە بىزنى شەبىيدەك كەڭ قورساق، كەمتەر، ئالىيجاناپ، تەقۋادار ئالىملاردىن ئۆرنەك ئېلىشنى نىسىپ ئەتسۇن!

كۆنۈكمە

1. تېكستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداش ۋە قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار:

www.uyghurkitap.com

كەڭ قورساق ______،______ پەزىلەت ______،______

كۆز قىزارتىش ______،______ ئىشتىياق ______،______

تەبەسسۇم ______،______ سەت ______،______

3. جۈملە تۈزۈڭلار :

ئىلگىرلەش ئىشتىياق ماختىماق تەبەسسۇم قىلماق چىللىماق ۋايىغا يەتكۈزمەك

4. تېكستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار :

1) كەڭ قورساقلىقنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

2) ئەلەتىن قورقىدىغان ئالىملار نېمە ئۈچۈن كەڭ قورساق بولىدۇ؟

3) شەبىي دەپ نام ئالغان ئامىر ئىبنى شۇراھىبىل قەيەردە تۇغۇلغان؟ نېمە ئۈچۈن مەدىنىگە باردى؟ مەدىنىدە نېمە ئىش قىلدى؟

4) شەبىيگە ئاللە قانداق نېئمەتلەرنى ئاتا قىلغان؟

5) شەبىي قانداق كىشى ؟ مىسال بىلەن جاۋاب بېرىڭ.

5. «كەمتەرلىك ئالىملىقنىڭ، چوڭچىلىق نادانلىقنىڭ بەلگىسى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈڭ.

6. تېكستتىكى شەبىينىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭىز؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 21. زاھىد ئالىم ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب



الله سەئىد ئىبنى مۇسەييەبكە ئىلىم ۋە تەقۋادارلىقنى يېتەرلىك ئاتا قىلغانىدى. سەئىن ئىبنى مۇسەييەبمۇ باشقا ئالىملاردەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىرى ۋە ساھابىلەردىن ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە ئۇلاردىن تەربىيە ئالغان. ئۇ ئۆگەنگەن ئىلىمغا ئەمەل قىلىپ، ئەخلاق ـ پەزىلەتتە ھەم ئۇلارغا ۋارىس بولغانىدى. ئۇ چىن قەلبىدىن شۇنى ھېس قىلىپ يەتكەنكى، تەۋادارلىق، دىندارلىق ھەقىقى بەخت، اللەنىڭ تائىتىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان نام ـ ئابروي، مال ـ دۇنيا، باياشاتچىلىق بەختسىزلىك ئىدى. ئۇ ئۆز ئەمەلىيتى بىلەن بىزگە بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەنىدى.

سەئىن ئىبنى مۇسەييەب ئۆز قىزىنى ئەينى دەۋردىكى ئەمىرۇل مۆئمىنىنىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلماي، ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن نامرات قوشنىسىغا نىكاھلاپ قويغانىدى. بۇ ئىش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقىنى ۋە قىزىقىشىنى قوزغىدى. ئۇ ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۇچۇن بۇ دۇنيانىڭ ئورنىغا ئاخىرەتنى سېتىۋالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغانىدى. سەئىن ئىبنى مۇسەييەب قىزىنى ئەمىرۇل مۆئمىنىنىنىڭ ئوغلىغا لايىق ئەمەس دەپ قارىغىنى ياكى ئۇنىڭغا بەرگۈسى يوقلىدىن ئەمەس، پەقەت قىزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ئويلاپ مۇشۇنداق

www.uyghurkitap.com

قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشىغا ھەيراق قالغانلارغا مۇنداق دېگەن:«دەپ بېقىڭلار، ئۇ بەنى ئۇمەييەنىڭ سىرىيىغا بارسا، ئىسىل پاياندار، ئىسىل ئۆي ـ سەرامجانلىرى ئىچىدە ئۆتسە، خىزمەتچى، مۇھاپىزەتچى، مۇلازىملار ئەتراپىدا تەييار تۇرسا، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ خەلىپىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسا، شۇ ۋاقىتتا دىنى قانداق بولار؟!».

ئۇ ئۆزىنىڭ مەجلىسىگە داۋاملىق قاتنىشىدىغان خوشنىسىنىڭ يۇقاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە سەۋەبىنى سورايدۇ. ئۇ ئايالىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆلىمىنى ئۇزىتىپ ئالدىراش بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. سەئىد شۇ ۋاقىتتىلا ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. خوشنىسى خىجىللىق ۋە ھەيرانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ نامرات، يېتىم كىشى ئىكەنلىكىنى ئۆزرە كۆرسىتىدۇ. ئەمما سەئىد:«بىز دىنى ۋە ئەخلاقى كامىل كىشى كەلسە، توي‍لاپ قويىمىز» دەپ، كىشىلەرنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا قىزىنى نىكاھلاپ قويىدۇ، قىزنىڭ مەھرى ھەققى پەقەت ئىككى دىرھەم بولغانىدى. خوشنىلار بۇ تويغا ئىشەنمەيلا قالغانىدى. سەئىد قىزىنى ئۆزى يېڭى ئۆيىگە ئەكىلىپ قويغاندىلا، ئۇلار بۇ ئىشنىڭ راستلىقىنى قوبۇل قىلالىدى.

قانچىلىغان كىشىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ پەقەت بۇ دۇنيالىقىنى ئويلاپ، ئاخىرەتلىكىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئۇ دۇنيانى بۇ دۇنيادىن ئارتۇق بىلگەن زاھىد، تەقۋادار ئالىملارلا پەرزەنتلىرىگە دۇنياسىنى ئاخىرەتكە سېتىپ، پايدىلىق تىجارەت قىلىپ بېرىدۇ. ھەقىقەتەن ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا خاستۇر.

كۆنۈكمە

1. تېكستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىدەش ياكى قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار:

مەنداش سۆزلەر　　　　　　　　قارشى مەنىلىك سۆزلەر

نامرات ـــــ بەخىت ـــــ ئىلىم ـــــ باياشات ـــــ

نام ـ ئابروي ـــــ ئىسىل ـــــ ئۆزىتىش ـــــ ساراي ـــــ ياتلىق قىلىش

ـــــ چىن ـــــ پايدىلىق ـــــ يېتەرلىك ـــــ

3.جۈملە تۈزۈڭلار:

ئەخلاق ـ پەزىلەت　باياشاتچىلىق　ئىسپاتلاپ بەرمەك　ھەيرانلىق　ۋەيران قىلماق

4. سۆز ياساڭلار:

مىسال: نىكاھ: نىكاھلىنىش، نىكاھلاپ قويۇش، نىكاھلىق بولۇش، نىكاھ ئوقۇش

سەۋەب:

ھەيران:

5. تېكستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) سەئىد ئىبنى مۇسەييەب قانداق ئادەم؟

2) سەئىد قىزىنى كىمگە ياتلىق قىلدى؟

3) سەئىد نېمە ئۈچۈن قىزىنىڭ نىكاھ ئىشىنى شۇنداق ئورۇنلاشتۇردى؟

4) سەئىدنىڭ قىزىنىڭ نىكاھ ئىشىغا كىشىلەر قانداق ئىنكاس قايتۇردى؟

5) سىزنىڭچە سەئىد قىزىغا كۆيۈمچان ئاتا بولالىدىمۇ؟

6. سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ ئىشىدىن قانداق تەسىرات ئالدىڭىز؟

7. «ئاخىرەت ھەقىقى ھايات يۇرتى، دۇنيا پەقەت ۋاقىتلىق سىناق يۇرتى» دېگەن ھەقىقەتنى بىلگەن كىشى بۇ دۇنيادا قانداق ياشايدۇ؟ ئۇنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىنىغىنى نېمە بولىدۇ؟

www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشىق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى كىشىلەرنى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىش-پائالىيەتلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭلار:

ھەسەن بەسرى، شەبى، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداش سۆزلىرىنى يېزىڭلار:

داڭلىق ______ پىشىۋا ______ ئۆلىما ______ ھېرىسمەن ______

سادىق ______ زېرەك ______ كەڭ قورساق ______ تەبەسسۇم ______

چىن ______ بەخت ______ نام-ئابروي ______ نامرات ______

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار:

پەزىلەت ______ ئىشتىياق ______ سەت ______ تەبەسسۇم ______

باياشات ______ ئېسىل ______ پايدىلىق ______ يېتەرلىك ______

4.جۇملە تۈزۈڭلار:

كامالەتكە يەتمەك ھەققىنى ئادا قىلماق داۋاملاشتۇرماق ئىشتىياق چىللىماق ۋايىغا يەتكۈزمەك باياشاتچىلىق ئىسپاتلاپ بەرمەك ۋەيران قىلماق

4. ئۈلگىلىك شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش.[قىسقىچە تەرجىمھال يېزىش]

ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن نۇرغۇن سالىھ كىشىلەر ئۆتكەن. مەسىلەن: يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ساھابىلار ۋە تابىئىنلارنىڭ پېشۋالىرى قاتارلىقلار. ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن توغرا يولدا كىشىلەرگە شاھىد ۋە ئۈلگە بولىدىغان كىشىلەر ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش-ئەمەللىرىنى مۇسۇلمانلارغا تونۇشتۇرۇش دەۋرلەر داۋامىدا ئۇلاردىن ياخشىلىقتا ئۆرنەك قىلىشقا

چاقىرىش، ناھايىتى ياخشى، ئەمەلىي نەسىھەت بولالايدۇ. ياخشى كىشىلەرنى تونۇشتۇرغاندا ئاۋۋال ئۇنىڭ ئاساسلىق ئارتۇقچىلىقلىرىنى ۋە پەزىلەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز. ئاندىن ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئەمەلى مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتىنى خۇلاسىلايمىز. بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەردە تابىئىنلارنىڭ ئۈچ مەشھۇر ئۆلىماسى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتۇق. بۇ تېكىستلەرنى ئۈلگە قىلىپ تۇرۇپ ئۆزەڭلار بىلىدىغان بىر ياخشى ئۈلگىلىك كىشىنى تونۇشتۇرۇپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭلار. ماتېرىيال توپلاشتا تۆۋەندىكى كىتابلاردىن پايدىلانساڭلار بولىدۇ:

«اللەنىڭ پەيغەمبەرلىرى»، «ساھابىلارنىڭ ھاياتى»، «ئايال ساھابىلەر»، «تابىئىنلارنىڭ ھاياتىدىن تاللانما».

5. پىكىر بايان قىلىڭلار:

1) سىلەرنىڭچە ھەقىقىي ئالىم قانداق بولىدۇ؟ دەلىلىڭلار نېمە؟

2) ھەقىقىي ئالىم بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەڭ مۇھىم ھالقا نېمە؟

3) ئىسلامدىكى ئالىملارنىڭ بولۇپمۇ تابىئىنلار دەۋرىدىكى ئالىملارنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىپ بېقىڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

**8 ـ بۆلەك**

# الله يولىدا ۋاز كېچىش




رەببىمىز الله بۇيرىغان بىزگە ناھايىتى پايدىلىق بولغان بەزى ئەمەللەرنى بىجىرىش ئۈچۈن، كۆڭلىمىز تارتىدىغان بەزى نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئەتىگەندە بامدات نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن، تاتلىق ئۇيقۇدىن ۋاز كېچىپ ئورنىمىزدىن تۇرىشىمىز كېرەك، اللەنىڭ دىنىنى چۈشىنىدىغان، ئىلىملىك، تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن بولۇش ئۈچۈن، ئويۇن ئويناشتىن ۋاز كېچىپ، ئۆگىنىش قىلىشىمىز كېرەك. ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىلەردىن ۋاز كېچىش قىيىن، ئەمما دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن مەيلى نېمىدىن ۋاز كەچمەيلى، ئەلۋەتتە ئەرزىيدۇ. الله خالىسا بۇ بۆلەكتە الله بۇيرىغان بەزى مۇھىم ئەمەللەرنى بىجىرىشتىكى ۋاز كېچىش روھى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز ۋە اللەنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىمىزدە ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشىمىز.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 22. روزا




رەببىمىز اللە بىز ئۈچۈن رامىزان روزىسىنى پەرز قىلدى:«تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئۆتكەنكىلەرگە پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى»(سۈرە بەقەرە، 183 ـ ئايەت). اللە بىزنى ئۆزىنىڭ يولىدا نەپسىمىزنى كونتىرول قىلىپ، بۇيرىغانلىرىنى بىجا كەلتۈرۈپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ تەقۋادارلاردىن بولىشىمىز ئۈچۈن رامىزان روزىسىنى پەرىز قىلىپتۇ. روزا قانداق ئىبادەت بىلەمسىلەر؟ روزا اللە رازىلىقىنى كۆزلەپ، تاڭ ئاتقاندىن كۈن ئولتۇرغۇچە يېمەك ـ ئىچمەك، ئەر ـ خوتۇن بىرگە بولۇش، يالغان سۆز، غەيۋەت ـ شىكايەت، ئۇرۇش ـ جېدەل ۋە باشقا گۇناھلاردىن چەكلىنىش ئارقىلىق ئورۇنلىنىدىغان ئىبادەتتۇر. يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق ئادەتتە رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارمۇ، روزا تۇتقاندا اللە رازىلىقى ئۈچۈن چەكلىنىدۇ.

ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئۇيقۇسىزلىقتا بەرداشلىق بېرىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. بۇلار ئەلۋەتتە نەپسكە مۇشەققەتلىك ئىشلاردۇر. روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئادەتتە

www.uyghurkitap.com

چەكلەنمەيدىغان نەپسىنىڭ خۇشاللىقىدىن ۋاز كېچىدىغان پەزىلەتنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. بىز داۋاملىق يەپ ـ ئىچىپ كۆنگەن بولغاچقا، قورسىقىمىز ئاچسىلا تاماق يېيىشنى، ئۇسسىساقلا سۇ ئىچىشنى ياقتۇرىمىز. ئەمما الله يولىدا بەزى ئەمەللەرنى بىجىرىش ئۈچۈن، ئاچلىقتا، ئۇسسۇزلۇقتا بەرداشلىق بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرگە تەييارلىقسىزلا بۇنداق سىناقلارنى بەرداشلىق بېرىش قىيىنغا توختايدۇ. روزا تۇتۇش مۇشۇنداق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىش مانىۋېرىغا ئوخشايدۇ. بۇ سىناقلارغا بۇ دۇنيادا مەلۇم ۋاقىت بەرداشلىق بېرەلىسەك، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك باياشاتچىلىق، ئىسسىل نازۇ ـ نېئمەتلەردىن بەھرىمەن بولالايمىز.

الله بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىباندۇر. بەندىلىرىنىڭ قىيىنچىلىقتا قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. بەلكى بەندىلىرىنى ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىدىغان، نەپسىگە قۇل بولمايدىغان ئىرادىلىك قىلىپ تەربىيىلەشنى ئىرادە قىلىدۇ. روزا تۇتۇش نورمال ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكىگە قىلچە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. بەلكى بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ماددا ئالمىشىشىنى ياخشىلايدۇ. بەدەننى يېڭى تۈرمۇش ئادىتىگە كىرگۈزۈپ ياشارتىدۇ. روزا تۇتۇش ئارقىلىق بىز نەپسىمىزنى تىزگىنلەيدىغان ئىرادىگە ئىگە بولالايمىز. پەقەت سەبىر قىلساقلا، ھامىنى ئىپتار ۋاقتى كېلىدۇ. روزا تۇتقان كۈنلەردە قانچە كۆپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋالساق، ھەسسىلەپ ساۋابقا ئېرىشەلەيمىز. شۇڭا بىز روزا تۇتۇش ئارقىلىق يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشنى ۋە ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراشنى ئۆگىنىمىز. ئەمەلىيەتتە پۈتۈن ھاياتىمىزدا نەپسىمىزگە ئەگەشمەي، اللەغا بويسۇنۇپ، گۇناھلاردىن ساقلىنىپ، ياخشى ئەمەلگە ئالدىراپ ياشىشىمىز كېرەك. روزىدا يېمەك ـ ئىچمەك، نەپساني خۇشاللىقلاردىن ۋاز كېچىش ئارقىلىق، بىز اللەتىن نۇرغۇن ياخشىلىققا ئېرىشىمىز. ھەقىقەتەن روزا بىزگە الله يولىدا ۋاز كېچىشنى ئۆگىتىدۇ.

**كۆنۈكمە**

**1. تېكستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.**

**2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداش ياكى قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار:**

**مەنىداش سۆزلىرى قارشى مەنىلىك سۆزلىرى**

**كونترول قىلىش ـــــــ ئۇرۇش ـــــــ زىيان ـــــــ مېھرىبان ـــــــ**

**يىمەكلىك ـــــــ مۇشەققەتلىك ـــــــ مەڭگۈلۈك ـــــــ هالال ـــــــ خۇشاللىق**

**ـــــــ مانۇر ـــــــ قىيىنچىلىق ـــــــ ئالدىرىماق ـــــــ**

**3. جۈملە تۈزۈڭلار:**

**پەرىز قىلماق بەرداشلىق بەرمەك ۋاز كېچىش يېتىلدۈرمەك ئىرادىلىك تىزگىنلەش نورمال**

**4. تېكستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:**

**1) الله رامىزان روزىسىنى كىملەرگە، نېمە ئۈچۈن پەرىز قىلغان؟**

**2) روزا قانداق ئورۇنلىنىدۇ؟**

**3) روزا تۇتقانداق قايسى جاپالارغا بەرداشلىق بېرىشكە توغرا كېلىدۇ؟**

**4) بىز نېمە ئۈچۈن روزا تۇتۇش ئارقىلىق نەپسىمىزنى تىزگىنلەشنى، جاپاغا چىداشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك؟**

**5) روزا تۇتۇش ئارقىلىق بىز نېملەرنى ئۆگىنەلەيمىز؟**

**5. نېمە ئۈچۈن روزا بىزگە الله يولىدا ۋاز كېچىشنى ئۆگىتىدۇ، دەپ قارايمىز؟**

www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 23. ھىجرەت




ھىجرەت اللە يولىدا ۋاز كېچىش ئىبادىتىدۇر. اللەقىلا ئىبادەت قىلىش، اللەنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، كۇفرى، جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرىدىن ئىسلام يولىغا قويۇلغان دىيارلارغا كۆچۈش ھىجرەت دەپ ئاتىلىدۇ. ھىجرەت قىلغۇچىلار مۇھاجىر دەپ ئاتىلىدۇ. ھىجرەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھاجىر مۇسۇلمانلار ئۆرۈندىغان ئىبادەتتۇر. مۇھاجىرلار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن، ئاتا ـ ئانا ۋە قېرىنداشلىرىدىن، ئائىلىسىدىن، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن، ئۆي ـ جاي، دۇكان ـ تىجارەت، ئېتىز ـ ئېرىق، مال ـ ۋارانلىرىدىن اللە ئۈچۈن ۋاز كېچىدۇ. اللە بۇھەقتە مۇنداق دېگەن:«ئۇلار يەنى مۇھاجىرلار يۇرتلىرىدىن، ماللىرىدىن اللەنىڭ پەزلى ۋە رازىلىقىنى كۆزلەپ ئايرىلىپ، اللەغا ۋە رەسۇلىغا ياردەم بەردى، ئەنە شۇلار راستچىللاردۇر»(سۈرە ھەشر، 8 ـ ئايەت).

ھىجرەت ھەقىقەتەن قىيىن ئىبادەتتۇر. ئىنسانغا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتى، ئويناپ ـ كۈلۈپ چوڭ بولغان ئائىلىسى، ئەجىر سىڭدۈرۈپ باققان ئاتا ـ ئانىسى، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان قېرىنداشلىرى، دوست ـ يارەنلىرى، ئەھلى ـ ئايال، پەرزەنتلىرى

تولمۇ سۆيۈملۈكتۇر. ئىنسانغا بىردىنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلىش ئېغىر كېلىدۇ. ئىنسان پەقەت ئۇلاردىنمۇ سۆيۈملۈك بىرسى ياكى بىرەر ئىش ئۈچۈن ئۇلاردىن ۋاز كېچىشى مۇمكىن. مۆئمىن ئۈچۈن الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى دۇنيادىكى بارچە نەرسە ۋە بارچە كىشىدىن سۆيۈملۈك بولىدۇ ھەم شۇنداق بولىشى كېرەك. بىر كىشىنىڭ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن ئۆز يۇرتى، ئۆي ـ جايلىرى، ماللىرى ۋە يېقىن كىشىلىرىدىن ۋاز كېچىشى، ئۇنىڭ اللەنى ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا سادىق مۆئمىن الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن باشقا نەرسە ۋە ئادەملەردىن كېچىپ ھىجرەت قىلالايدۇ. مانا ھىجرەت ئىماننىڭ راستچىللىقىنىڭ نامايەندىسى بولدى. ھەممىنى بىلگۈچى الله مۇھاجىرلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئەمەسمۇ:«ئەنە شۇلار راستچىللاردۇر».

الله مۆئمىنلەرنى نېمە ئۈچۈن ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؟ مۆئمىن تۇرىۋاتقان جاينىڭ شارائىتى اللەغا مۇكەممەل بويسۇنۇپ، مۇكەممەل ئىبادەت قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلسا، الله ئۇنى شارائىتقا تەسلىم بولماي، شارائىتنى ئۆزگەرتىشكە، ئۆزگەرتەلمىسە ئۇ جايدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇيدۇ. «مېنىڭ زېمىنىم كەڭدۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار»(سۈرە ئەنكەبۇت، 56 ـ ئايەت). چۈنكى مۆئمىننىڭ ھايات غايىسى اللەغىلا ئىبادەت قىلىشتۇر. بىر كىشى قانداقمۇ ئۆز غايىسىگە يېتەلمەيدىغان جايدا خاتىرجەم تۇرالىسۇن؟! ئۇ كىشى ئەلۋەتتە شارائىتقا جەڭ ئېلان قىلىدۇ. شارائىت ئۇنىڭغا بويسۇنمىسا، غايىسىگە يېتەلەيدىغان شارائىتقا ئېرىشىش ئۈچۈن باشقا ماكانغا كېتىدۇ، ئاندىن ئۇ رازى بولىدۇ. مۆئمىن ئۈچۈن اللەغا ئىبادەت قىلىشتىن توسىلىشتىنمۇ ئېغىر مۇسىبەت، بېسىم بارمۇ؟ اللەغا لايىق ئىبادەت قىلالمىسا، ئۇنىڭ ياشىغىنىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟!

زېمىن اللەنىڭدۇر. الله خالىغان بەندىلىرىگە ئۆز زېمىنىدىن ئورۇن بېرىدۇ؛ الله رىزىق بەرگۈچىدۇر، ھېچقايسى بەندىسىنى رىزىقسىز قويمايدۇ؛ الله بەندىلىرىگە تولىمۇ يېقىن

ۋە تولىمۇ رەھمەتلىكتۇر، ئۇلارغا ھەرۋاقىت ياردەم بەرگۈچىدۇر؛ شۇنداق بولغانىكەن، اللە ئۇچۇن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان مۇھاجىرلار ھەرگىز ئۆي ـ ماكانسىز، رىزىقسىز قالمايدۇ.بەلكى اللە مۇنداق دېگەن:«زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن اللە يولىدا ھىجرەت قىلغانلارنى دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز»(سۈرە نەھل، 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). مۆئمىنلەر ھىجرەت قىلسا ئەلۋەتتە ياخشىلىق تاپىدۇ. كافىرلار ۋە زالىملارنىڭ ئىسكەنجىسىدە اللەغا ئىتائەت قىلىشتىن توسۇلغان مۆئمىنلەرگە ئۆزىگە مۇكەممەل ئىبادەت قىلىدىغان زېمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرالايدىغان ئىمكانىيەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. مۆئمىنلەر اللەنىڭ ياردىمى بىلەن زېمىندا اللەنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلەيدۇ. اللە يولىدا ۋاز كېچىش ھەرگىزمۇ نەتىجىسىز، جاۋابسىز قالمايدۇ.

بۇ دۇنيا سىناق ماكانىدۇر، نەپسىمىزگە ئېغىر كەلسىمۇ، يۇرتىمىزدىن ، ماللىرىمىزدىن ۋاز كېچىپ اللە يولىدا ھىجرەت قىلساق، ئاخىرەتتە مەغفىرەتكە ۋە كاتتا ئەجىرگە ئېرىشەلەيمىز. اللە ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئەجرىمىزنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز قوشۇپ جۈپ سۆز ياساڭلار:

يۇرت ـ ____ ئاتا ـ ____ ئۇرۇغ ـ ____ دوست ـ ____، ____

ئۆي ـ ____، ____ ئەھلى ____ ئويناپ ـ ____ يېمەك ـ ____

غەيۇەت ـ ____ جىدەل ـ ____ كۈچ ـ ____

3. جۈملە تۈزۈڭلار:

كۆچۈش كىندىك قېنى تۆكۈلگەن نامايەندە تەسلىم بولۇش جەڭ ئىلان قىلىش ئىنكانىيەت

**4.** تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

**1)** ھىجرەت دېگەن نېمە؟ ھىجرەت قىلغۇچى نېمە دەپ ئاتىلىدۇ؟

**2)** مۇھاجىرلار نېمىلەردىن ۋاز كېچىدۇ؟

**3)** نېمە ئۈچۈن ھىجرەت قىيىن ئەمەل ھېسابلىنىدۇ؟

**4)** نېمە ئۈچۈن ھىجرەتنى ئىماننىڭ راستلىقىنىڭ ئىپادىسى دەيمىز؟

**5)** الله قانداق ئەھۋالدا نېمە ئۈچۈن ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇيسۇ؟

**6)** مۆئمىنلەر ھىجرەت قىلسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نېمىلەرگە ئېرىشىدۇ؟

**5.** ھىجرەتنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە پىكىر بايان قىلىڭلار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 24. جىھاد




رەببىمىز الله بىز مۆئمىنلەرنى ئۆزىنىڭ يولىدا ماللىرىمىزنى، جانلىرىمىزنى پىدا قىلىپ جىھاد قىلىشقا بۇيرىدى. جىھاد بولسا الله يولىدا ۋاز كېچىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى جىھادقا ئىنسانغا بۇ دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئىككى نەرسە سەرپ قىلىنىدۇ: مال ۋە جان. الله مۇنداق دەيدۇ:«الله مۆئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى»(سۈرە تەۋبە). جىھادنىڭ كەڭرى مەنىسى الله يولىغا قارشى تۇرغۇچىلار- نەفس، شەيتان، كافىرلار، زالىملار، مۇناپىقلار ـ بىلەن قەلبى، تىلى، قولى يەنى قورال ئارقىلىق كۈرەش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان جىھاد قولىغا قورال ئېلىپ، دىن دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل جىھاد ئىبادەتنىڭ چوققىسى ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئادەم قانداق ئەھۋالدا بىرەرسى ياكى بىرەر ئىش ئۈچۈن ئۆز جېنىدىن كېچىشى مۇمكىن؟ بىر ئادەم بىرسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرسە ياكى بىر ئىشنى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك دەپ قارىسا، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشى مۇمكىن. جىھاد

ئىماندا راستچىللىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. جىهاد بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئورتاق سىنتاش بولۇپ، «كىمكى جىهاد قىلماي ياكى جىهاد قىلىشنى نىيەت قىلماي ئۆلسە، مۇناپىقلىق ئۆلىمىدە ئۆلگەن بولىدۇ». الله ئەينى ۋاقىتتا جىهاد قىلىشنى ياقتۇرمىغان، جىهادقا چىقىشتىن ئىزىن سورىغۇچىلارنى مۇناپىقلىق كىسىلى بارلار دەپ تەنقىدلىگەن. بۇ ئومۇمىي هۆكۈم بولۇپ، هەرقانداق ماكاندا، هەرقانداق دەۋىردە جىهادنى ياقتۇرمايدىغان، جىهاد پەرز ئەيىن بولغاندا ئىزىن سورايدىغان ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلغانلار مۇناپىق هېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە الله ئۆزرىلىك كىشىلەرنى مۇستەسنا قىلدى:«قارىغۇغا، توكۇرغا، كېسەلگە هەرەج يوقتۇر»(سۈرە فەتىه، 17 ـ ئايەتنىڭ باش قىسمى). «ئاجىزلارغا، كېسەللەرگە، يول خىراجىتى تاپالمىغانلارغا ـ الله ۋە رەسۇلىغا سادىق بولسىلا ـ جىهادقا چىقمىسا گۇناھ يوقتۇر»(سۈرە تەۋبە، 91 ـ ئايەت). ئۆزى هەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان الله جىهادقا بۇيرىسا، بۇنى ئىجرا قىلمىغان ئادەم ئەلۋەتتە اللەغا بولغان مۇهەببىتىدە يالغانچىدۇر. الله مۇنداق دېگەن:«مۆئمىنلەر اللەنى هەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ»(سۈرە بەقەرە، 165 ـ ئايەت). شۇڭا هەقىقى مۆئمىنلەر اللەغا بولغان چىن مۇهەببىتى تۈپەيلىدىن الله يولىدا جىهادقا ئاتلىنىدۇ.

جىهاد پەرز قىلىنغان ئايەتتە الله مۇنداق دېگەن:«سىلەرگە ئۇرۇش پەرز قىلىندى، بەلكى سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىر ئىشنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن ، ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، سىلەر بىر ئىشنى ياقتۇرىشىڭلار مۇمكىن، ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر ، الله بىلىدۇ سىلەر بىلمەيسىلەر، الله بۇيرىغانىغا ئالدىراڭلار»(سۈرە بەقەرە، 216 ـ ئايەت). جىهاد گەرچە قىيىن ئىبادەت بولسىمۇ، ئۇ مۆئمىنلەرگە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە پايدىلىقتۇر. بۇ دۇنيادا مۆئمىنلەر قۇراللىق جىهاد ئارقىلىق، اللەنىڭ دۈشمەنلىرىنى يوقىتىپ، اللەنىڭ دىنىنى تىكلەپ، ئادالەتنى بەرپا قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ مۈلكى، ئىززەت هۆقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. جىهاد قىلغۇچىغا

ئاخىرەتتە كاتتا ئەجىر بېرىلىدۇ. الله يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن شەھىدلەر يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەتلەرگە كىرىدۇ. ئۇلارغا تۈرلۈك ئىمتىياز ۋە نېئمەتلەر بېرىلىدۇ. شۇڭا جىھاد مۆئمىنلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەنپەئەتلىكتۇر.

الله بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان، كۆيۈمچان ۋە سېخىدۇر. الله بىزنى ياراتتى، بىزگە مال ئاتا قىلدى. بىز الله بەرگەن نەرسىنى الله يولىدا سەرپ قىلساق، بىزگە كاتتا ئەجىر بېرىلىدۇ، نېمەدېگەن سېخىلىق ۋە مەرتلىك بۇ! قاراڭ،«الله مۆئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى»(سۈرە تەۋبە، 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ئىنسان بۇ دۇنيادا مەڭگۈ ياشىمايدۇ، ھامىنى ئۆلىدۇ. الله يولىدا جىھاد قىلغۇچىمۇ، جىھادنى تەرك ئەتكۈچىمۇ ئوخشاشلا ئەجىلى كەلگەندە ئۆلىدۇ. ئالدىنقىسى شەرەپ بىلەن شەھىدلىك ئۆلۈمدە ئۆلۈپ، بەختتە ئىرىشىدۇ. الله يولىدا ماللىرىدىن، جانلىرىدىن ۋاز كېچىش ھەقىقەتەن ئىماندا راستچىل مۆئمىننىڭ شەرىپى ۋە راھىتىدۇر. الله يولىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن ۋاز كەچكەن كىشى نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە!

كۆنۈكمە

1. تېكستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنداش ياكى قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار:

| مەنداش سۆزلەر | | قارشى مەنىلىك سۆزلەر | |
|---|---|---|---|
| پەللە ______ | سەرپ قىلىش ______ | قىممەتلىك ______ | سەمىمىي ______ |
| ئىپادىسى ______ | ئىزىن سوراش ______ | ھەقىقى ______ | ھېسابسىز ______ |
| ئادالەت ______ | ئىمتىياز ______ | شەرەپ ______ | راھەت ______ |

3. جۈملە تۈزۈڭلار:

پەيدا قىلىش   سىنتاش    كۆرەش قىلىش   كاپالەتلىك قىلىش   ئىمتىياز  تەرك ئېتىش

راھەت

**4. تېكستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:**

**1) الله يولىدا ۋاز كېچىشنىڭ يۇقىرى پەللىسى نېمە؟**

**2) جىھادنىڭ كەڭ مەنىسى نېمە؟ بۇ تېكستتە تىلغا ئېلىنغان مەنىسچۇ؟**

**3) بىر ئادەم قانداق ئەھۋالدا بىرەرسى ياكى بىرەر ئىش ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ؟**

**4) نېمە ئۈچۈن جىھادنى بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىماندا راستچىللىقنىڭ سىنتېشى دەيمىز؟**

**5) جىھاد مۆئمىنگە قايسى تەرەپلەردە پايدىلىق؟**

**5. تېكستتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئابزاسنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.**

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشىق باغچىسى

**1. تۆۋەندىكى ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈڭلار:**

**روزا      ھىجرەت      جىھاد**

**2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداش سۆزلىرىنى يېزىڭلار:**

**كونترول قىلىش ______   مۇشەققەتلىك ______   مانىۋىر ______**

**پەللە ______ ئىزىن سوراش ______ سەرپ قىلىش ______   ئادالەت ______**

**3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار:**

**زىيان ______   مەڭگۈلۈك ______   ئالدىرىماق ______   ھالال ______**

قىممەتلىك ـــــــ ھىسابسىز ـــــــ شەرەپ ـــــــ راھەت ـــــــ

**4.** جۈپ سۆزدىن ئوننى يېزىڭلار:

ـــــــ ـــــــ ـــــــ ـــــــ ـــــــ

ـــــــ ـــــــ ـــــــ ـــــــ ـــــــ

**5.** جۈملە تۈزۈڭلار:

بەداشلىق بېرىش ۋاز كېچىش ئىرادىلىك تىرىشچانلىق ئىزگىنلەش شارائىت ئىمكانىيەت تەسلىم بولۇش جەڭ ئېلان قىلىش سىنتاش ئىمتىياز تەرك ئېتىش كاپالەتلىك قىلىش راھەت

**6.** يېزىقچىلىق مەشىقى

الله بۇيرىغان ئەمەللەرنى ئايرىم ـ ئايرىم چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ئەھمىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلارنى بۇ ئەمەلگە قىزىقتۇرۇپ چاقىرىش دەۋەتتىكى مۇھىم بىر ئۇسۇلدۇر. بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەردە الله يولىدا ۋاز كېچىپ قىلىنىدىغان ئۈچ خىل ئىبادەت چۈشەندۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ خاراكتېرى، دىنىمىزدىكى ئورنى، دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك پايدىلىرى سۆزلىنىش ئارقىلىق، ئۇ ئەمەللەرگە چاقىرىلغان. ئەمدى سىلەر ئۆزەڭلار خالىغان الله بۇيرىغان بىر ئەمەلنى شەرئىي ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنى ۋە قىممىتى، دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك پايدىلىرىنى سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارنى شۇ ئەمەلگە چاقىرىپ بىر پارچە دەۋەت ماقالىسى يېزىپ چىقىڭلار. تۆۋەندىكى تېمىلاردىن پايدىلانساڭلار بولىدۇ:

1) ناماز

2) ھەج

3) زاكات

4) ئىلىم تەلەپ قىلىش...



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**7.پىكىر بايان قىلىڭلار:**

**1) مۆمىنلەر نېمە ئۈچۈن الله يولىدا ئۆز نەفسىنىڭ خۇشاللىقىدىن كېچىشى كېرەك؟**

**2) ھىجرەت قانداق شارائىتتا پەرز بولىدۇ؟ ئۇنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە قانداق ئەھمىيىتى بار؟**

**3) سىلەرنىڭچە مۇھاجىرلارنىڭ ھېسياتى قانداق بولىدۇ؟**

**4) الله يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئىبادەتنىڭ چوققىسى ھىسابلىنىدۇ؟**

**5) الله يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ئەھمىيىتىنى سۆزلەڭ.**

ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، رەببىمىز سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، رەببىمىز ئىلمىمىزنى زىيادە قىلغىن، بىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن.